ئابلەت جۇمە

# جاسارەتلىك بول، ئوغلۇم



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇ كىتابىمنى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرىغا ۋە پەرزەنت ئوتىدا كۆيگەن، سۆيىدە ئاققان ئەڭ كۆيۈملۈك، مېھرىبان، جاپاكەش، قەدىردان ئاتا - ئانىلارغا بېغىشلايمەن!

2004 - يىل 1 - يانۋار، قەشقەر

ئابلەت جۇمە

# جاسارەتلىك بول، ئوغلۇم

(ئەدەبىي خاتىرە)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھى
قامۇس يېزىقچىلىق مۇلازىمەتچىلىكى

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

你要有勇气，我的儿子/阿布来提·居马著. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2004. 11ISBN 7－5373－1324－5

. 你. . .　. 阿. . .　. 随笔－作品集－中国－当代－维吾尔语(中国少数民族语言)　. 1267. 1 中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 113618 号

责任编辑：图尔迪·亚米古尔
责任校对：姑丽巴哈尔·麦麦提依明
封面设计：马合木提江·吐尔迪

**你要有勇气，我的儿子**

作者：阿布来提·居马

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000)
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168 **毫米** 1/32 **开本**　6.75 **印张**　2 **插页**
2004 **年** 11 **月第** 1 **版** 2004 **年** 11 **月第** 1 **次印刷**
**印数**：1－5000　**定价**：9.50 **元**

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998－2653927

# مۇندەرىجە

سۆيۈملۈك خەت ............................... 1
ئىسىم ۋە كېلەچەك .............. 6
مايسا ۋە روھ .......................... 14
كەپسىزلىك .......................... 22
رىغبەت ۋە قانات .......................... 31
پۇل ۋە قىممەت قارىشى .............. 38
پاراسەت ۋە پەزىلەت .............. 44
ئىناق ئائىلە، بەختلىك بالا .............. 53
بۇرچ بىلەن ۋەدە........................... 59
ئاتا - ئانا مەدەتكار، ئوقۇتقۇچى يار - يۆلەك ........... 64
ئەنئەنە ۋە ئادەت .......................... 76
ئانا تىل ۋە كېلەچەك........................... 84
ئارام ئېلىش ۋە پەرۋاز قىلىش .................. 92
كىتاب ۋە كىتابخۇمارلىق .............. 96
كومپيۇتېر، تېلېۋىزور ۋە تەمكىنلىك .................. 107
ھوقۇق ۋە پەزىلەت .............. 113
نۇتۇق ۋە دەل تۇرۇش .............. 118

ئەجدادلىرىمىز ۋە جەسۇرلۇق .......................... 126
ئەخلاقسىزلىق ۋە دىيانەت .............................. 134
ھەقىقىي دوست ۋە ئىلھاملىنىش ........................ 140
ئىناقلىق ۋە جاھالەت .............................. 147
ئوغلۇم، سەن شۇنداق گىگانت بالا .............. 151
قوشۇمچە (1)
ئاكامنىڭ ئۇتۇق ۋە خىسلەتلىرى .............. 158
ئاكام ...................................... 160
ئاكام ۋە مەن، ئۇكام ۋە مەن .................. 167
قوشۇمچە (2)
رىشتە ئالبومىغا چىكىلگەن نەقىشلەر ............ 172
ئوقۇغۇچى روھىدا............................ 173
ئېچىلسا شاخ - شاختا غۇنچە - پورەك، تېپچەكلەر
سۆيۈنۈشتىن مىڭلاپ يۇرەك .................. 181
قوشۇمچە (3)
قەلب دۇردانىلىرى .......................... 186
خۇاڭپۇجياڭ بويىدىن قەشقەرگە سالام .............. 186
قىزىقىش ۋە رېئاللىق .......................... 191
ئېينىشتېيىن ۋە «نېمە ئۇچۇن» .................. 196
پەزىلەتلىرىمىز خارلانمىسۇن! .................. 201

# سۆيۈملۈك خەت

ئوغلۇم، بىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يازغان تۇنجى خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ قانچىلىك ھاياجانلانغىنىمىزنى، قانچىلىك ياش تۆككىنىمىزنى بىلەمسەن؟ بىز قاتتىق ھاياجانلاندۇق؛ شادلىق ۋە بەختىيارلىق يېشى تۆكتۇق! بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەمسەن؟ ئەتراپىمىزغا قارىساقلا بۇنىڭ جاۋابى ئايان بولىدۇ. ئۇنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى كۈچلۈك بىر خىل ساداقەت، سېغىنىش، مېھرىبانلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن؛ ئىچكى ھېسسىياتىمىزدىكى سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش، سېغىنىش تۇيغۇسى ۋە دىدارلىشىش تەشنالىقى بىزدە ئاشۇنداق ھاياجانلىق كەيپىياتنى پەيدا قىلغان، بىز پەقەت ئاشۇنداق نامايەندە ئارقىلىق، قەلبىمىزدە پەيدا بولغان بوشلۇقلارنى تولدۇرغاندەك، كۆڭۈل-كۆكسىمىزدە تىنىپ قالغان تەشنالىق زەردابلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغاندەك، روھىي، جىسمانىي جەھەتتىكى ئىچكى-تاشقى بېسىملىرىمىز يېنىكلىگەندەك بولدۇق، شۇنداقلا ئالەمچە بەختىيارلىق سەزدۇق. بۇ، كۆزلىرىمىزدىن ئاققان ياشنىڭ ئىلھامبەخش نەتىجىسى! شۇنداق ئىكەن، بىزنى كىم بىھۇدە ياش تۆكتى دېيەلىسۇن؟!

ئوغلۇم، كۆڭلۈمدە سېنى خەت يازىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، ئەمما مۇنداق تاتلىق، جەلپكار خەتنى يېزىپ بىزنى شۇقەدەر ھاياجان ئىچىدىكى ھەيرانلىق گۈلخانلىرىغا تاشلىشىڭنى

خىيال قىلمىغان ئىكەنمەن. ساپ بولغان قايىللىق، رازىمەنلىك، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسى يەنە بىر قېتىم قەلبىمىزنى زىلزىلىگە سالدى.

ئوغلۇم، پوچتا ئارقىلىق خەت ئەۋەتكىنىڭنى ئاڭلىغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، مەن ئىدارىمىزنىڭ خەت-چەك تارقاتقۇچىسىدىن تولا سۈيلەپ، ئۇنى تېرىكتۈرۈۋەتتىم. ئۇ پوچتىكەشتىن خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ماڭا ئەكىرىپ بەردى. خېتىڭ قولۇمغا تەگكەن ئاشۇ مىنۇتتا ئىشخانىدا جىددىي ئىشلەۋاتاتتىم، كونۋېرت ئۈستىدىكى تونۇش، شۇنداق جانلىق يېزىلغان خەتلەرنى كۆرۈپ، سېنى كۆرگەندەك بولدۇم، سەن گويا ئالدىمدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك قىلاتتىڭ، بىراق بۇ مېنىڭ تاتلىق خىيالىم ئىدى. ئويۇمدا سېنىڭ ئورۇق، ئۇزۇن-ئۇزۇن قوللىرىڭ كونۋېرتتىكى ئادرېس خەتلىرىنى ئەستايىدىل ۋە ئالدىراش يېزىۋاتقاندەك قىلاتتى، شۇ چاغدا كۆزۈمنى قانداقتۇر بىر خىل سۈيۈق جىسىم توسۇۋالدى، قوللىرىم ئۇنى تەكرار-تەكرار سۈرتسىمۇ، ئۇ سۈيۈقلۇقلار قولۇمدىن ئېتىلىپ كەلدى...

— ئابدۇسالامجاندىن خەت كەپتۇ-دە، نېمە دېگەن ياخشى! — بۇ خىزمەتدىشىم ھەبىبە زەيدىنجاننىڭ ئاۋازى ئىدى!

— بالا دەردى، بالا ئوتى ئەجەبمۇ يامان-ھە؟ — دېدى قاغىلىق ناھىيىسىدىن بىر ھاجەت بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلگەن دېھقان كىشى.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە! بۇ ئابدۇسالامجان چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك مىجەزى ئېسىل ھەم شۇنداق سالاپەتلىك بالا بولغان دېسىلە، ... ئۇنى مېنىڭ قوشنام ئوقۇتقان، قوشنام بۇ بالىنىڭ شۇنداق تەربىيىنى قىلىدۇكى، بىزنىڭ بالىلىرىمىز

ئۇنىڭ پوقىنى دورىغان بولسا، كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن غەم يەپ يۈرمەستۇق دەپ، ئابدۇسالامجاندىن قاتتىق سۆيۈنىمەن. مېنىڭچە سىلى يىغلىغاندىن كۆرە، شۇنداق ئىسىل ئوغۇللىرى بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ پەخىرلەنسىلە بولىدۇ، ئابلەتكا!

بۇنداق تەسەللىلەر نېمىگە كار قىلسۇن؟ خېتىڭىدىكى پاساھەت ۋە رىغبەت، ئەپۇچانلىق ۋە ۋاپادارلىق مېنى تېخىمۇ قايىناق، تېخىمۇ ئۇلغايغان شادلىق ياشلىرىغا غەرق قىلدى...

ئوغلۇم، ھەر قېتىم سېنى ئەسكە ئالسام، كۆڭلۈمنى خۇشال تۇتۇپ، سەندىن ئىمكان بار خاتىرجەم بولۇشقا تىرىشىمەن. گاھىدا، تەلپۈنۈش بىلەن ئەنسىرەش مېنى بارلىق كۆڭۈل بەزلەشلىرىمدىن جۇدا قىلىدۇ، سېنى مۇستەقىل پىكىر قىلالايدۇ، چىقىش يولى تاپالايدۇ، ماسلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، قابىل، يارامىلىق بالا دەيمەن، — گاھىدا ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، — ئۇمۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ، باشقىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئورتاق ياشاپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولسۇن، ھاياتنى، كىشىلىك تۇرمۇشنى چۈشەنسۇن، ياشاشقا ماھىر بولسۇن دەيمەن؛ يەنە تۇرۇپلا يىراق بىر جايدىكى كەسكىن تۇرمۇش رىقابىتى، جاپالىق ئۆگىنىش ھاياتى ئۇنىڭبېسىمىنى كۈچەيتىپ، يېتىلىۋاتقان جىسمىنى نابۇت قىلارمۇ دەپ ئەنسىزلىك ۋە تەڭقىسلىق ئىچىدە قالىمەن؛ بەزىدە سېنى غۇرۇرۇم، شۆھرىتىم ئورنىدا قويۇپ، ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇپ، ئۇتۇق قازىنىشىڭ ئۈچۈن ئاسايىشلىق تىلەيمەن؛ ئارقىدىنلا، تاسادىپىي ئەھۋال يۈز بېرىپ ياخشى ئوقۇيالماي قايتىپ كەلسە قانداق قىلارمەن؟ دېگەن سوئال كاللامغا كىرىۋالىدۇ، بۇنداق چاغدا ئۆزۈمنى بەزلەپ، ئامالسىزلىق، بىچارىلىك، بىھۇدە ئازاب ئىسكەنجىسىدىن ئىمكان بار يىراق

تۇرۇش ھېسسىياتىدا بولىمەن؛ بۇ مېنىڭ سەن توغرىسىدا ئويلايدىغان ئويلىرىمنىڭ بىر قىسمى. ئەمەلىيەتتە مەن كۆپ ئويلايدىغان ئىش: سېنى داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلىسىكەن، يېرىم يولدا توختاپ قالمىسىكەن دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مېنىڭ ئىشەنچىم، نىشانىم ۋە ئەڭ زور، ئەڭ قەتئىي تىلىكىم! قەلبىمنى ئاختۇرۇپ باقسام، بۇ ئاللىقاچان ياسىلىپ بولغان يول، تىكلىنىپ بولغان ئابىدە، يارىلىپ بولغان ھەقىقەت ئىدى! بۇلارنى سېنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى يارىتقان تۆھپە، نەتىجەڭ ئىسپاتلاپ تۇراتتى، شۇڭا مەن يەنىلا ئالدىمغا قارىدىم، پەقەت سەندىكى ئاشۇ خىل روھ داۋاملىق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرالىسىلا، سېنىڭ يولۇڭ پارلاق ھەم داغدام بولىدۇ.

ئوغلۇم، خېتىڭ ۋە شاڭخەيدە چۈشكەن سۈرەتلىرىڭ قولدىن قولغا ئۆتتى، خېتىڭدە ئىسمى ئاتالغانلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. باغرى يۇمشاق ئاناڭنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ياشلىرى چاناقلاردىن تاشقىنلاپ ئاقتى؛ باغرىنىڭ قانچىلىك خۇن بولغانلىقىنى بايان ئەيلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ، نېمە ئامال دەيسەن؟ ئاناڭنىڭ خېتىڭنى قانچە كۆنلەرگىچە باغرىغا بېسىپ، ھىدىڭنى پۇرىغانلىقىنى دەيمەنمۇ؟ تىنماي يىغلاۋېرىپ كۆز جىيەكلىرىنىڭ قىپقىزىل قان رەڭگىگە كىرىپ قالغانلىقىنى دەيمەنمۇ؟...

يول يىراق بولسىمۇ، كۆڭلىمىز يېقىن،
مېھرىمىز گوياكى ئۈزۈلمەس ئېقىن.
سۆزىمىز تۈگىمەس، باغرىمىز يىراق،
كۆزىمىز ياش تۆكتى، چىداش بەك قىيىن.

مانا شۇ تاپتا يېڭى يىلنىڭ تۈنجى ئاخشىمىدىكى قىزغىن تەنتەنىنى قويۇپ تۇرۇپ، بۇ خاتىرىلەرنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

ئوغلۇم، يازمامدا سېنى ماختاشنى ئويلىمىدىم، پەقەت قەلبىمدە سېنىڭ سىيمايىڭغا بىر تىكتۇرگەن ھالدا، جەمئىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن بالىلارنىڭ ئوبرازىنى كۆڭۈل ئېكرانىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. نېمىشقا دەمسەن؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەن بىلەن دەۋرداش، لېكىن سەن ياشاۋاتقان تۇرمۇش، ھايات قاينىمىدا، سەن يېتىلىۋاتقان دەۋر قۇچىقىدا بىر پىيلەكنىڭ خەمىكى بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى، قىلغان ئىشلىرى، بىلىم ئېلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئادەمنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ، ئۇلاردىن زارلىنىۋاتقان ئاتا-ئانىلارنىڭ، ئوقۇتقۇچى-تەربىيىچىلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ شۇڭا، ئۇلارغا سەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسەم، دەردمەن ئاتا-ئانىلار شۇ ئىشلاردىن بىر قىسمىنى قىلىپ، بالىلىرىغا تەتبىقلاپ باقسا، بالىلارمۇ ئۇلارنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى قىلسا، خۇشاللىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، بىر-بىرىدىن پەخىرلىنىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ تېگىشلىك ھۇزۇر-ھالاۋىتىدىن بەھرىلىنىپ باقسا دەيمەن.

ئوغلۇم، ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئەڭ چوڭ بايلىق ۋە بەخت ھېسابلايدۇ. قېنى، كىم مۇشۇنداق بىر ھايات مەنزىرىسىنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ؟! خالايدىغانلارنى سېنىڭ بىلىم ئېلىش يولىدىكى قىممەتلىك ئىزدىنىشلىرىڭ سەھىپىسىگە باشلاپ بارسام قانداق دەيسەن؟

# ئىسىم ۋە كېلەچەك



ئوغلۇم، ئىسمىڭنىڭ قانداق قويۇلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ بۇ ساڭا نىسبەتەن بىر سىر بولۇپ، ھازىر ئويلىسام، ئىسمىڭنىڭ «ئابدۇسالامجان» دەپ قويۇلۇشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە چوڭقۇر مەنىسى بار ئىدى. بۇ ئەينى چاغدىكى بىر خىل ساددا ئوي، خىيالىي ھېسسىياتتىن پەيدا بولغان ئارزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلىنىپ قېلىشىنى بىر تاسادىپىيلىق دېسەم بولماس، بەلكىم پېشانەڭگە شۇنداق پۈتۈلگەندۇ! يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بىر خىل ئىچكى-تاشقى ئامىلنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى ئۆسۈپ يېتىلگەن دەۋرگە ۋە ئاتا-ئانىسى ھەم جەمئىيەتنىڭ قانداق تەسىر كۆرسىتىشىگە باغلىق بولىدۇ. بۇنداق تەسىر كۆرسىتىش پەقەت بالىلارغا قارىتىلغان. چوڭلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەقدىرنىڭ قانداق بولۇشى ئۆزىگە باغلىق، ئەلۋەتتە. بالا دېمەك، ئىشى چالا دېمەكتۇر؛ چۈنكى، ئۇ خۇددى يۇمران نوتىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى

قانداق پەرۋىشلىسە، شۇنداق چوڭ بولىدۇ.

مەن ئۇ چاغلاردا ئىنتايىن ياۋاش، قىزغىن، خىيالپەرەس، ھېسسىياتچان يىگىت ئىدىم. كۆن بويى قولۇمدىن كىتاب، قەغەز-قەلەم چۈشمەيتتى، ئوقۇيتتىم، يازاتتىم، يازغاندىمۇ شۇنداق كۆپ يازاتتىم، بۇ مېنىڭ بىر خىل قىزىقىشىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياشلىقتىكى كۈچلۈك ھەۋىسىم، تاللىغان كەسپىم ئىدى، قاملاشمىسىمۇ شۇنداق نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغان، قوشاقلارنى توقۇغان ۋە توپلىغانىدىم. قىسقىسى، شۇ قەدەر ھېسسىياتچان ئىدىم! كىشىلەر مېنىڭ شۇقەدەر بىچارە، ياۋاشلىقىمغا قاراپ، يېزىۋاتقان ئاشۇ «ئەسەر» لەرنى پۈتكۈزۈپ، نەتىجە قازىنىشىمغا ئىشىنىشى ناتايىن ئىدى. ھازىر ئويلىسام، خۇددى ئاناڭ تەرىپلىگەندەك، بىر «يولۋاس» قا ئايلىنىپ كەتتىم. مانا بۇ مېنىڭ روھىي ھالىتىم ۋە كۆرۈنۈشۈمدىكى سىيما.

مەن 23 ياشقا كىرگەن يىلى ئاناڭ بىلەن توي قىلدىم، بۇ توي بەكلا تەسكە چۈشتى، ئارىلىقتىكى گەپ مەن سەھرالىق، ئاناڭنىڭ شەھەرلىك بولۇپ قالغىنى ئىدى. دادام پەرۋاسىز ھالدا كونا ئەنئەنە قارىشى بويىچە ئۇ بەرىبىر خوتۇن كىشى، خوتۇن كىشىنىڭ يۇرتى يوق، ئەرلەرنى تاللاش ھوقۇقى تېخىمۇ يوق. ئوغلۇم ئۇنىڭ ھەرقانداق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، دېسە، قېيناتام مېنى كۆپ ئوقۇمىغان، كەلگۈسىدە تومپايلىق قىلىپ قالارمۇ؟ دەپ ئەنسىرەپمۇ قالغانىدى. قانداقلا بولسۇن، ئۇنداق-بۇنداق گەپ-سۆزلەرنىڭ بېسىمىدا تالاش-تارتىش ئاۋۇدى. مېنىڭ شۇ چاغدىكى بىچارە-ياۋاش ھالىتىممۇ بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولغان دېسەممۇ بولىدۇ. قانداقلا بولسۇن، بىز 1986-يىل 10-ئاينىڭ 15-كۈنى بەختلىك

ھالدا تويى قىلدۇق.

ئاناڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم بولسىمۇ، ئەركە چوڭ بولغاچ ھە دېگەندە گەپ كۆتۈرەلمەيتتى، يوقىلاڭ بىر ئىشلارغىمۇ نەچچە كۈنلەپ تۇمشۇق ئۇچلاپ پۇخسىلايتتى. ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىز كىچىك بولغاننىڭ ئۈستىگە كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان، زەي پۇراپ تۇرىدىغان ئۆي ئىدى، ئاناڭ ھېلىقىدەك «مىجەزى قوداڭشىپ» قالغاندا مېنى ئاشۇ زەي ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ، ھەر كۈنى نەچچە سائەتلەپ، قېيناتامنىڭ ئۆيىگە چىقىۋالاتتى... قانچىلىك زەردىگۆش بولىدىغانلىقىمنى دېمەي قوياي، كۆڭلۈمدە، ئۇ قورساق كۆتۈرسە، بالا يۈزى كۆرسەك، بۇ قىيىنچىلىق تۈگەيدۇ دەپ ئويلايتتىم. قېيناتامنىڭ شۇ چاغدىكى ھوقۇق دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، بىزگە ياخشى ئۆي ۋە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرسە، ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى، ئەمما ئۇنىڭدا كوممۇنىستلارنىڭ جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئاددىي-ساددا ياشاش، خالىس تۆھپە قوشۇش، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتماسلىق، خەلق ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىش ئىستىلى بولغانلىقتىن، سىياسەتنى، ئىدارىنىڭ بەلگىلىمىسىنى تاقاق قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى، بەزى ئۆيلەر بىكار تۇرسىمۇ، بىزگە بەرمىگەنىدى. ھېلىقى ئۆيدە قانچىلىك قىينالغىنىمىزنى ئويلىسام ئىچىم سىيرىلىدۇ، ئاناڭ ساڭا قورساق كۆتۈرگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئۆيدە قانچە-قانچە قېتىم پېيى تارتىشىپ، يىقىلىپ چۈشكەن، يۇم-يۇم يىغلاپ، تارام-تارام ياش تۆككەنىدى! مەن بۇنى كالتىسى كەملىكتىن بولغان، كالتىسىنى تولۇقلىساق، بالىمىز چىرايلىق ھەم ئەقىللىق بولىدۇ دەپ، ھەدېسە بازارغا يۈگۈرۈپ، بېلىق كاۋىپى، قوي گۆشى كاۋىپى، ئالما قاتارلىقلارنى توشۇپ ئاناڭغا يېگۈزگەنىدىم.

شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە ساڭا قانداق ئىسىم قويۇشنى ئويلىشىپ قالدۇق، سەن قورساقتا سەككىز ئايلىق بولغاندا، پېشقەدەملەرنىڭ پەرەز بىلەن مۆلچەرلىشى ئارقىلىق سېنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىڭنى سەزگەنىدۇق. بۇ مېنى بەك خۇشال قىلدى، ئاناڭنىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيمەن، ئۇ مەندىن مىڭ ھەسسە خۇشال ئىدى. پومپىيىپ چىققان قورسىقىنى توختىماي سىلايتتى. ئەمما، نېمىدەپ ئىسىم قويۇشتا ئېغىز ئاچمايتتى. مەن ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان ئەنئەنە بويىچە ئىسمىنى ئاتا-ئانام ئۆزلىرى تاللاپ قويىدۇ، مېنىڭ دېگىنىم ھېساب ئەمەس دەپ ئويلاتتىم، بىراق ئاناڭنىڭ كۆڭلىدە باشقا ئىسىم باردەك قىلاتتى. ۋاقىت بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزنى بارغانسېرى كەسكىنلەشتۈرۈپ بېرىۋاتاتتى.

1987-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى، خەلقئارا نەزەرىيە فىزىكا مەركىزى (ICTP) نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەئىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىلىم-پەن مەسلىھەت ھەيئىتىنىڭ رەئىسى، 3-دۇنيا ئەللىرى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، پاكىستانلىق فىزىكا ئالىمى مۇھەممەت ئابدۇسالام قەشقەرگە زىيارەتكە كەلدى. كۈتمىگەندە، مەن ئاشۇ زاتنىڭ ھېيتگاھ جامەسى، ئاپئاق خوجا مازىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ مۇخبىرلىق قىلدىم، ئالىمنىڭ يېتۈك بىلىمى، پەزىلىتى ۋە ناتىقلىقى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى، مېنىڭمۇ ئاجايىپ چوڭقۇر ھۆرمەت، چوقۇنۇش، ئىپتىخارلىق تۇيغۇمنى قوزغىدى، بىزنىڭمۇ ئاشۇنداق ئالىملىرىمىز، يەنە كېلىپ تەبىئىي پەن ئالىملىرىمىز بولسا ھە؟! مۇشۇنداق ئادەملەر

بىزدىن نېمىشقا يېتىشىپ چىقمايدۇ؟ !... دېگەن تەگسىز سوئال، ئوي-پىكىرلەر بىر پاتمان بوپىغا ئايلىنىپ مېنى ھەر ۋاقىت قىيىنىدى. ئەمما، مەندە ئۇنداق ئىقتىدار يوق ئىدى، يەنە باشقا قېرىنداشلىرىمدىمۇ ئۇنداق پاراسەت مەۋجۇت ئەمەستەك قىلاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقان فىزىكا، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىمنى ئويلىدىم. ئۇلاردىمۇ ئۇنداق پاراسەت يوق ئىدى، ئەتراپىمدىن ئىزدىنىپ باقتىم، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ باقتىم، ئاخىر كەلگۈسىدە بىزدىنمۇ شۇنداق كىشىلەر چوقۇم چىقىدۇ دەپ جەزملەشتۈردۈم. بىردىنلا تېخى تۇغۇلمىغان سەن خىيالىمدىن كەچتىڭ-دە، ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى «ئابدۇسالام» قويۇشقا نىيەت قىلدىم، بۇ يۈكسەك ئارزۇنىڭ مېنى شۇ دەقىقىدە قانچىلىك خۇشال قىلغانلىقىنى دېمەيلا قوياي! ئۇنىڭغا مېنىڭ بارلىق ئۈمىدىم، ئارزۇيۇم، بەختىم ۋە كېلەچىكىم سىڭىپ كەتكەنىدى. شۇنداق بىر ئالىمدىن پەخىرلىنىش، ھۆزۈرلىنىش تۇيغۇسى قەلبىمگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەندەك ئورناپ بىرىكىپ كەتكەنىدى.

ئوغلۇم، سەن 1988-يىل 3-ئاينىڭ 8-كۈنى ئەتىگەن سائەت 8دىن 31 مىنۇت (ئۈرۈمچى ۋاقتى) ئۆتكەندە، قەشقەر ۋىلايەتلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغۇت ئۆيىدە دۇنياغا كۆز ئاچتىڭ، تۇغۇلۇشۇڭ بەك قىيىن بولۇپ، ئاناڭ 52 سائەت تولغاق ئازابى تارتتى. ئەسلىدە قەشقەر تېببىي مەكتەپ قارمىقىدىكى دوختۇرخانا (ۋىلايەتلىك 2-خەلق دوختۇرخانا) ئاناڭنى تولغاق تۇتقان ئاخشىمىلا تۇغۇت بۆلۈمىگە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالغاندا، بىز قوشۇلماي قەشقەر ۋىلايەتلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكىگەندۇق، دوختۇرلارمۇ بۇنداق مەسئۇلىيەتتىن باش

تارتالماي، سىنىڭ تۇغۇلۇشۇڭغا ئەستايىدىل، ئىنچىكە تەدبىرلەرنى قوللاندى، ھەر ھالدا ئاناڭنىڭ شۇنچىلىك قىينالغىنىغا يارىشا، سەن سالامەت تۇغۇلدۇڭ، شۇ چاغدا، سەن ئۈچ يېرىم كىلوگرام كەلدىڭ، بۇدرۇق، تۇرۇم-تۇرۇم بويۇنلىرىڭ مەندە بىرخىل ئىشەنچ ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاپ، ساغلاملىق بىشارىتىنى بەردى، ئوغۇللۇقۇڭ غۇرۇر، ئىپتىخار تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ بىر خىل لەززەت ۋە ئاتىلىق مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلدى. چۈنكى، ئوغۇل دېگەن ئاتا ئىززىنىڭ، غۇرۇرىنىڭ، بەخت-ئىقبالىنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ! ھەممە ئاتا-ئانا ماڭا ئوخشاش ئويلايدۇ ۋە ماڭا ئوخشاش شادلىق، بەختىيارلىق پەيزىنى سۈرۈشكە تەشنا بولىدۇ. مەن ئاشۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى مۇنداق قۇرلارغا جەم قىلدىم:

ئوغۇل ئاتا-ئانىنىڭ جىگەر پارى — يۈلىكى،
ئوغۇل بەختى ئوتىدا كۆيەر شۇنداق يۈرىكى؛
ئوغۇل ئاتا — ئانىنىڭ ئىزباسارى — دىرىكى،
ئەجداد، ئەۋلاد رىشتىسى، كۈچ مادارى — تۈۋرۈكى.
چۈنكى ئوغۇل دۇنيانىڭ كېلەچىكى — تىلىكى،
چۆلنى بوستان قىلىدۇ بىر جۈپ جەسۇر بىلىكى.

سەن تۇغۇلۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئانا-بالا ئىككىڭلارنى دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ كەلدۇق. قائىدە بويىچە سەن تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىنلا ئىسىم - شەرىپىڭنى قويساق بولاتتى، ئەنئەنە-قائىدىمىزدە ئەزەلدىنلا شۇنداق بولغاچقا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز شۇنداق ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئەمما، سىنىڭ ئىسمىڭنى ئەنئەنە بويىچە دەماللىققا قويالمىدۇق. سەۋەبى: ئاناڭ تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن، داۋالىنىسا

بولمايتتى، قېيناتام كونا قائىدىلەرگە بەك ئېسىلىۋالىدىغان ئادەملەردىن بولمىغاچقا، ئالدى بىلەن ئانىسىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلسۇن، بالا سالامەت بولغاندىن كېيىن، ئىسمىنى كېيىنچە قويۇۋالساقمۇ بولىدۇ، دېدى.

ساڭا قانداق ئىسىم قويۇش توغرۇلۇق پاراڭ بولغاندا، قېيناتام دادامىلارنىڭ بىرنەرسە دېيىشىنى ئۈتتۈرىغا قويدى، دادام جۈمە تۇماق، ئانام گۈلئايىم خۇدابەردىلەر: سىلەر نىمە قويىمىز دېسەڭلار بىز قوشۇلىمىز، دەپ يول قويغانىدى. ئەمما، مەن بەكمۇ تەقەززا بولماقتا ئىدىم، چوڭلار ئىختىيارنى باشتا ماڭا، ئاندىن ئاناڭ دىلبەر ئابدۇللاغا قويدى. ئاردا ئۇ ئىسىم، بۇ ئىسىملارنى قويۇش توغرۇلۇق پاراڭ ۋە نامزاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. چوڭ داداڭ ئابدۇللا قاسىم بەكلا ئىلمىي ئادەم بولغاچقا، دادامنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىگە ئەڭ كەڭ يول قويدى. دېمىسىمۇ، ئىسمىنى ئالدىراپ-تىنەپ قويىسىمۇ، ياقتۇردۇم دەپلا قويىسىمۇ بولمايتتى، قويغان ئىسىمنىڭ چوقۇم مەلۇم ئەھمىيەتلىك مەنىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر زامانغا بېقىپ ئىسىم قويۇپ، جەڭ-كۈرەش بولۇۋاتقان مەزگىلدە تۇغۇلغان بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى «كۈرەش»، يەنە بىر ھەرىكەت بولۇۋاتقاندا تۇغۇلغان بالىسىغا ئاتالمىش شۇ ھەرىكەتنىڭ نامىنى قويۇش ئەۋج ئالغانىدى، ھالا بۈگۈن ئۇ ئىسىملار ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالدى.

مەن ئاخىر دادىلىق سۈپىتى بىلەن گېپىمدە چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى ئىسمىڭنى قويىدىغان بولدۇق. بۇ ئىسىم ئانچە غۇلغۇلا قوزغىمايلا قوبۇل قىلىندى، ئىسىم قويغۇچى خەلپەتمۇ: ئەجەب ياخشى ئىسىم بوپتۇ، بۇ ئىسىمنىڭ سالامەتلىكنى ئاتا قىلغۇچى

دېگەن مەنىسى بار، بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ ئىسىم يوق دېيەرلىك ئىدى، بۇ ئىسىمنى تاللاپ بەك ياخشى قىلىشىپلا، دېدى. بۇ گەپ ھەممەيلەننى قاتتىق سۆيۈندۈردى. خەلپەتنىڭ ياخشى تەرىپى ئۇچۇن، بېرىدىغان ھەقنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىپ خۇش قىلىشۇەتتۇق. چۈنكى، ئۇنىڭ گەپلىرى يۈرەككە بەكلا ياقىدى!

نەچچە يىلدىن كېيىن، كىشىلەر بۇ ئىسىمنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ-بىلمەي يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك «ئابدۇسالامجان» دەپ ئىسىم قويۇش مودا بولدى. قەشقەردىكى ئابدۇسالامجان ئىسىملىكلەرنىڭ ھەممىسى دەل سېنىڭ يېشىڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بالىلاردۇر!



# مايسا ۋە روھ

ئوغلۇم، كىچىك چاغلىرىڭنى ئويلىسام، نۇرغۇن تاسادىپىيلىق ۋە ساددىلىقلارنى ھېس قىلىمەن. ئۇ مەزگىللەردە بەكلا گۆدەك ئىدۇق، بۇ ھال ئاناڭدىمۇ مەۋجۇت ئىدى، سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىز ۋە سەن بىلەن قانچىلىك پەخىرلىنىدىغانلىقىمىزنى دېمەيلا قوياي!

سەن ئۆيىمىزنىڭ گۈلى ئىدىڭ، سېنى ئەركىلىتىش، كۆتۈرۈپ يېقىش بىر خىل ھۇزۇرلۇق ئىش ئىدى. ئىشتىن كېلىپلا سېنى قولۇمغا ئالاتتىم، يۇمرانلىقىڭ ۋە ئوماقلىقىڭ مېنى شۇقەدەر كۆچلۈك جەلپ قىلاتتىكى، بۇنىڭ ئورنىنى پەقەت تاتلىق كۆلكەڭ بىلەن ئاچچىق يىغلىشىڭلا باسالايتتى. يىغلاپ ئارام بەرمىگەن كۈنلەردە ئاناڭ سەن بىلەن تەڭ يىغلايتتى، بىھۇدە خەقنىشلىك قىلساڭ ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلاپ، ئۆزىگە كايىيتتى. بالىنى بەزلەشتە مېنىڭ قانچىلىك بىچارە ئىكەنلىكىمنى، ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمدىن يارىماس بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىمنى تىل بىلەن چۈشەندۈرۈش تولىمۇ قىيىن ئىدى، گاھىدا ئاناڭ بىلەن مەن كېچە-كېچىلەپ سېنىڭ بۆشۈكۈڭ يېنىدا كۆز يۇمماي تاڭنى ئاتقۇزاتتۇق، سېنى ئۇخلاتساق، ئاندىن ھاردۇقىمىز چىقاتتى، پەقەت رەنجىمەيتتۇق. ئۇ چاغدا ھەرقانداق خىزمەت ئېغىر كەلمەيتتى، خىزمەت

تەجرىبىمىز بولمىغانلىقتىن، ھاردىم-تالدىم دېمەي ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەيتتۇق، كۈندۈزى تۈگىتىپ بولالماي قالغان ئىشلارنى ئاخشاملىرى ئۆيدە ئىشلەپ كېتەتتۇق. ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ ئىش ھەققى ئاران يۈز نەچچە يۈەن ئىدى، ئەمما تۇرمۇشىمىز شۇ چاغنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بويىچە توقچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. بىراق، سېنى باقىدىغانغا ئادەم ياللاشقا تېخى ماغدۇرىمىز يەتمەيتتى، بۇ ئىشنىڭ بىر تەرىپى؛ يەنە بىرى، ھېلىقى تار ئۆيدە ئىككىلا كارىۋات بولۇپ، بىرسىدە يوتقان-كۆرپە بىلەن سېنىڭ بۆشۈكۈڭ بار ئىدى، بىرسىدە ئاناڭ ئىككىمىز قىستىلىشىپ يېتىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق. بۇ ھال بىزنىڭ ئادەم ياللاپ سېنى باقتۇرۇش-تەربىيىلەش ئويىمىزنى يوققا چىقىراتتى، قېيناتام بالا باققۇچى تېپىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ياتقۇزىدىغانمۇ بولدى، ئەمما ئاناڭ بۇنىڭغا ئانچىلا ئېرەنشىپ كەتمىدى... مەن ئۆز قېينانام بولغان بولسا، مۇشۇ قېينچىلىق بولمايتتى، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى باققان قېينانىلارمۇ ئانىغۇ؟ ھازىرقى «قېينانا ھەم ياش، ھەم دىلبەرگە ئۆگەي، ئۇ ھەرگىز بالا باقمايدۇ» دەپ ئويلىدىم ھەمدە غۇدۇرىدىم. ئويۇم راست بولۇپ چىقتى، ئۇ ياش چوكانلىق سۈپىتى ۋە شۇ چاغدىكى تار نەزەرى بىلەن ئۇنى قوبۇل كۆرمىدى. بىزنىڭ ئۇرۇنۇشىمىز بىكارغا كەتتى، شۇڭا توختاپ قالدۇق.

ئاناڭ بىچارىنىڭ سېنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئاش-تاماق ئەتكىنى، كىر-قات يۇغانلىرىنى، سەي-كۆكتات ئالغىلى چىققانلىرىنى، يەسلىگە ئاپارغانلىرىنى ئەسكە ئالغان چاغلىرىمدا، ئاناڭغا بولغان ھۆرمىتىم، مېھىر-مۇھەببىتىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ جاسارەت ۋە پاراسىتىگە قايىل بولىمەن،

مەسلىكىم كېلىدۇ. سەنمۇ خېتىڭدە ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دەپسەن: «ئانا، مېنى كەچۈرگىن، سېنىڭ مۇرەڭنى تۇتۇپ، پۇتلىرىڭنى ئۇۋۇلاپ قويىمەن!» بەلكىم سەن پەقەت ھېس قىلىش نەتىجىسىدە شۇنداق قارارغا كەلگەنسەن، بىلگىنكى، بۇنىڭ ھەقىقىي بىر بايانى ۋە چۈشەنچىسىنى بىزگە ئوخشاش ئۆي-ئوچاقلىق بولغان، بالا يۈزى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىپ يېتىــــــسەن! ئوغلۇم، ئادەم ھامان ئالدىغا قارايدىغان بىر خىل ئادەتنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدىغان ئوخشايدۇ؛ خۇددى كونىلارنىڭ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگىنىدەك. بۇ ھەقىقەتنى ھېچكىم ئۆزگەرتىپ باقمىغان ھەم ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، بېشىڭغا كەلگەندە، ئىلگىرى ئويلىغان ھەممە نەرسىنىڭ خىيال ياكى بىر خىل تەسەۋۋۇر بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىسەن. بىزمۇ سېنىلا سۆيدۇق، سېنى يۈرىكىمىزنىڭ پارىسى بىلدۇق. بىرسى ساڭا تىكىلىپ قارىسا، ئۇنىــــڭغا غەزەپ ياغدۇردۇق، چۆكۈرۈش نىيىتىدە چاقچاق قىلىپ قويسا، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ، سەن ئۈچۈن قۇربان بەرگىلى تاس قالدۇق. سەۋەبى، سەن بىزنىڭ تۇتىيا-گۆلىمىز بولۇپ قالغانىدىڭ!

ھەددىسىز كۆيۈنۈشنىڭ نەتىجىسىدە ھەر ھالدا، بېجىرىم چوڭ بولدۇڭ، پەپىلەپ بېقىپ، «ئۆمىلىدى-ئورنىدىن تۇردى» دېيىش بىلەن كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇردۇق. سەن بىــــر ياشقا كىرمەيلا تەمتەم مېڭىپ، يازغا چىقىپلا يۈگۈردۇڭ! بىـــزگە ئاز-تولا ئارامچىلىق بولدى، ئەمما تولۇق ماڭغاندىن كېيىنكى بىغەرەزلىكىڭگە شۇنداق ئاچچىقىم كېلىدۇ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاناڭنىڭ پېشىگە ئېسىلىپلا يۈرەتتىڭ، ئاناڭ بىر قولىدا يۇندى

چېلىكى، بىر قولىدا ئەخلەت چېلىكى كۆتۈرگەن ھالدا ھاجەتخانىغا ماڭسا، سەن قىپ يالىڭاچلا ئارقىسىدىن يۈگۈرەيتتىڭ، ئاناڭ قارىماي كېتىپ قالسا، ئالەمنى-مالەم قىلىپ يىغلاپ قورۇنى بېشىڭغا كىيەتتىڭ، كىشىلەر، بولۇپمۇ كۆرۈنۈشتە ئوبدان، ماھىيەتتە يەنە بىر خىل ئۆتىدىغان قوشنىلىرىمىزنىڭ چىدىماي: يەنە ئاغزى ئېچىلدى بۇ ھازازۇل بالىنىڭ، دەپ غۇدۇراشلىرى قۇلىقىمىزغا كىرىپ قالاتتى. مەيلى ئىشقا ماڭسۇن، مەيلى باشقا تەرەپكە قەدەم ئالسۇن، كۆزۈڭ ئاناڭنىڭ سىيماسىدا ئىدى. كۆزۈڭنى غەلەت قىلىش بەك قىيىنغا توختايتتى. ئەمما، بىر ياخشى يېرىڭ شۇكى، چۈشەندۈرسە، ماقۇل دەيتتىڭيۇ، يەنە ئارقىدىنلا غەلۋە قىلاتتىڭ. ئاناڭ ئىككىمىز بۇنىڭمۇ ئامالىنى قىلىپ، سېنى ئىدارىنىڭ يەسلىسىگە ئاپىرىپ قويۇش بىلەن ئارام تاپتۇق.

راستىنى دېسەم، ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش خېلىلا قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى تېخى تۈگىمىگەچكە، ئادەملەر غورىگىل ياشايتتى. مېنىڭ ئاتا-ئانام دېھقان، قول ھۈنەرۋەر بولغانلىقتىن، خېلى يىلىكى بارلاردىن سانىلاتتى. ھەمىشە بىزنى يۆلەيتتى، بىراق بىزمۇ بوش تۇرساق بولمايتتى؛ ئاناڭ ئىككىمىز ئىلگىرى بىر مەكتەپتە ئوقۇغاندۇق، كېلىپ-كەتكۈچە تېزەك تېرىپ مەكتەپنىڭ بېغىنى ئوغۇتلايتتۇق، تەتىلدە يېزىدا ئوغۇت يىغاتتۇق، جاڭگاللارغا بېرىپ خوخا-يانتاق چېپىپ كېلىپ، ئازگالغا تاشلاپ چىرىتمە ئوغۇت قىلىشقا مەجبۇر بولغاندۇق. بۇ ئىشلارنى سەن تېخى بىلمەيسەن، ئۇ چاغلاردا ئوقۇمىساڭمۇ بولاتتى، پەقەت ئەترەتتە نورما-نومۇرغا ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى

يۈكسەلدۈرۈپ، داجەيدىن ئۆگەنسەڭ، ئۈلگە بولساڭلا بولاتتى، «ئوقۇش، بىلىم ئېلىشنىڭ كېرىكى يوق» ئىدى. ئەمما دادام ئۇنداق قارىمىغان، ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، مەكتەپتىن يېنىپ كەلمەي ئوقۇغىن، دەپ نەسىھەت قىلغانىدى. مەن مەكتەپتىن ئايرىلماي دادامنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرگەنىدىم. ئاناڭ ئىككىمىز بىر يولدا مېڭىپ ئۆيىمىزگە كېتەتتۇق، ئۇ بەكمۇ ياۋاش ئىدى، شۇڭا باشقىلارنىڭ پات-پات بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايتتى. بالىلار ھەدېسە نەرسىلىرىنى ئېلىۋالاتتى، تەرگەن تېزەكلىرىنى تارتىۋېلىپ يىغلىتاتتى... دادام باشقىلارغا بوزەك بولما، دەپ تاپىلاپ تۇرغاچقا، مەن ھېچكىمگە بوزەك بولمايتتىم، باشقىلار بوزەك قىلىمەن دېسە، كۈچۈم يەتمىسىمۇ جېدەل قىلاتتىم، ئۇرۇشۇپ قېلىپ كۈچۈم يەتمىسە دادامنى باشلاپ كېلىپ، دەردىمنى ئالاتتىم، ئوقۇتقۇچىلىرىم، ساۋاقداشلىرىم مەندىن ھەزەر ئەيلەيتتى. سۆركىلىش پەيدا بولۇشتىن ئىمكان بار ئۆزىنى قاچۇراتتى. نېمىلا بولمىسۇن، بىز نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىمىزدىن بىللە كەچۈرگەن ياكى شۇنداق بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ھاۋاسىدىن تەڭ نەپەس ئالغاندۇق. بۇ ھال تۇرمۇشتىكى بىرلىكىمىز ۋە بىر ياقىدىن باش چىقىرىشىمىزغا تۈرتكە بولغان، كىبىر-تەمەننانىسىز، ئاددىي-ساددىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش بىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلىمىزغا ئايلانغان. كۆڭلۈمدە، ئەمدى ئائىلىدىكى ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىمىزغا قىلىمىز، بۇ بىزنىڭ تۇرمۇشتىكى چىقىش يولىمىز دەپ ئويلايتتىم، بۇنى ئاناڭغا ئاشكارا دېمىگەن بولسامۇ، ئاناڭ دەل شۇنداق چۈشەنچىدە ئىدى، ئۇ ئائىلىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن باش قاتۇراتتى. بىز قاچان

بىر ئائىلىنىڭ ئادىمى بولغان بولساق، شۇنىڭدىن تارتىپ ھەممە تاپقان-تەرگىنىنى ئائىلىمىز ئۈچۈن سەرپ قىلدى، ئەسلىدە قەشقەر شەھىرىدە قىز مائاشلىق بولسا، ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كىرگەن كۈندىن باشلاپ، بىر-ئىككى يىلغىچە ئىش ھەققىنى تولۇقى بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدىغان، بۇنى ئاتا-ئانىسى تاكى «ئەمدى مائاشىڭنى ئېرىڭنىڭكىگە قوش» دېگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئەمما، ئاناڭ ۋە قېيناتام بۇنداق قىلمىدى، ئاناڭ ئائىلىمىزگە كىرەكلىك نەرسىلەرنى بىر-بىرلەپ بازاردىن ئالاتتى، يىغقان پۇللىرىغا كەم نەرسىلەرنى تولۇقلاپ، ئائىلىمىزنى قويۇلدۇراتتى. كۈندىلىك ئۈچ ۋاخ تاماقنى تولىمۇ تېجەشلىك بىلەن تۇجۇپىلەپ تەييارلايتتى. شۇنداقتىمۇ شۇنداق مەززىلىك، يېيىشلىك، تەملىك بولاتتى. سەن ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى بىز بىر يېرىم ئېغىزلىق 28 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيگە ئىگە بولدۇق، ئاناڭ بۇ ئۆينى قويۇلدۇرمەن دەپ قىلمىغىنى قالمىدى، ھەتتاكى قىش كۈنلىرى تاڭ يورۇماستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىدارىنىڭ كۆل تۆكىدىغان يېرىدىن چالا كۆيگەن قالدۇق كۆمۈرلەرنى تېرىپ كىرىپ كۆمۈر پۇلىنى تېجىدى.

رەھمەتلىك دادام مۇنداق دېگەنىدى: مەن ئۆي ئايرىغان يىلى ئانام دادامنىڭ گېپىگە كىرمەي، بىر خۇرجۇننى ئىككى پارچە قىلىپ، بىر پارچىسىنى بەردى، قازاننى بېرىپ چۆمۈچنى بەرمىدى، تەڭلىنى بېرىپ، چىنە-قاچا بەرمىدى، ئىككى ياغاچ قوشۇقنى بېرىپ، سۇ توشۇيدىغان چېلەكنى بەرمىدى، ئانا، نېمە قىلغىنىڭ بۇ دېسەم، سېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ ئۆيلەپ قويدۇق، مەجبۇرىيىتىمىز تۈگىدى، قالغان لازىمەتلىكلەرنى ئۆزۈڭلار

تېپىڭلار دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئۆي تۇتقان، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلار تىرىشىپ بېقىڭلار، ئامال بولمىغاندا دادا، ئانا قانداق قىلىمىز دەڭلار، ئۆلمىسەك سىلەرنىڭ ئوتۇڭلاردا كۆيىمىز! دېدى.

ئوغلۇم، تۇرمۇش دېگەن شۇنداق قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك بولىدۇ، ئۇنى قانداق ئۆتكۈزىمەن دېسەڭ شۇنداق ئۆتكۈزىسەن، ئۇ ساڭا باقمايدۇ، بەلكى سەن ئۇنىڭغا باقىسەن، پەقەت سېنىڭ جۈرئىتىڭ ۋە پاراسەت-دىتىڭ بولسىلا تۇرمۇش ئۇنچىۋالا رەھىمسىزمۇ ئەمەس.

سېنى قانداق تەربىيىلىگەنلىكىمىزگە كەلسەك، كىچىكىڭدىنلا ئۆزىمىزدىكى ئاشۇ خىل ئېلېمېنتلارنىڭ تەسىرىگە دۇچار قىلدۇق. تاماقنى تاللىماي يەيدىغان، يوقىلاڭ ئىشلارغا قىيىدىمايدىغان روھتا تەربىيىلىدۇق. سەن تۆت ياشقا كىرگەن يىلى قەشقەر شەھەرلىك بالىلار باغچىسىغا ئاپىرىپ بەردۇق، يېڭى مۇھىتقا شۇنداق ئىتتىك كۆنۈپ كەتتىڭ، شۇ چاغدا يىرتىق كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ قويغاندۇق، بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرى، باشقىلارنىڭ كۆزى تەگمىسۇن، دەيتتۇق، يەنە بىرى، ئاددىي-ساددا ياشاشقا كۆنسۇن دەپ ئويلىغاندۇق. شۇ چاغنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە بىر پارچە سۈرىتىڭنى ھېلىھەم ساقلاپ كېلىۋاتىمىز. ئۇنىڭدا، سەن ھېيتگاھ مەيدانىدىكى ئانار مودېلىنىڭ يېنىدا ماڭا قولۇڭنى ئۇزىتىپ ۋارقىرايسەن، ئۇ شۇنداق ئوماق سۈرەتكى، سول پۇتۇڭغا قارىساڭ، باش مالتىقىڭنىڭ لاتا ئاياغنى تېشىپ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسەن! ئۇ بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل روھىيىتىمىزنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى.

ئاشۇ خىل روھىيىتىمىزنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، سەن ھەممە ئىشقا ھېرىسمەن ئىدىڭ، ھەممە ئىشنى قىلىشقا قىزىقاتتىڭ، قاملاشسۇن-قاملاشمىسۇن، ئۇنىمايتتىڭ، ئوتۇن ياراتتىڭ، كىر-قات يۇياتتىڭ، خېمىر يۇغۇراتتىڭ، ئۆي سۇپۇرەتتىڭ، تېخى ئاناڭغا يارەملىشىپ ئەخلەتلەرنى ئەخلەتخانىغا ئاپىرىپ تۆكەتتىڭ. ساڭا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆگىيى يوق ئىدى،



شۇڭا بىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغ-قانلارنىڭ بالىلىرى ساڭا ئامراق، سەن بىلەن ئوي-ناشقا ھېرىسمەن ئىدى.

ئوغلۇم، ئاددىي-ساد-دىلىق ئادەمنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزىدىغان بىرخىل پەزىلەت ئىكەن. مەن ئاددىي-ساددىلىقىنىڭ ساڭا بەخش ئەتكەن نۇسرەت-لىرىدىن بۇنى تونۇپ يەتتىم. ئۇ ھەممىمىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن؟!

# كەپسىزلىك

ئوغلۇم، كىچىك چاغلىرىڭدا بەكمۇ كەپسىز، قىلىقسىز بالا ئىدىڭ، بۇ خىل شوخلۇقۇڭ مېنى بەكلا خۇشال قىلاتتى، سۆيۈندۈرەتتى، كىمنىڭدۇر زىتىغا تېگىپ قويساڭمۇ، ئۇ ھەرىكىتىڭ ماڭا غەيرىي تۇيۇلمايتتى، كۆڭلۈمدە سەندىن پەخىرلەنگەندەك تۇيغۇدا بولاتتىم، بۇ ھەرقانداق بىر دادىنىڭ ئويلايدىغىنى، ئارزۇسى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى بولسا كېرەك، مۇبادا سەندىن گۇناھ ئۆتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا قارشى تەرەپنى ئېغىز ئاچۇرماي باساتتىم، گۇناھنى سەندە قويۇپ باقمايتتىم، بۇ نەق مەيداندىكى مۇئامىلەم ۋە پوزىتسىيەم ئىدى. ئەمما، ئېسىڭدە بولسا كېرەك، ئۆيدە ياكى باشقا ئادەم يوق جايدا توغرا قىلمىغانلىقىڭنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىقنى، ياخشى ئادەم بولۇشۇڭنى تاپىلايتتىم، بۇنداق چاغدا بەزىدە مەندىن قاتتىق رەنجىپ قېيدايتتىڭ، بەزىدە بېشىڭنى تۆۋەن سېلىپ، باھانە كۆرسىتىپ قوياتتىڭ ياكى ماقۇل بولۇپ ۋەدە بېرەتتىڭ، بۇ تۆت - بەش ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىڭدىكى ئىشلار ئىدى. شۇ يىللاردا سەن بىر خۇي چىقاردىڭ، سەھەردە ئۆيىمىزنىڭ يان تەرىپىدىكى بوشلۇققا چىقىپ، بىر تاياقنى ئارقاڭغا يوشۇرۇپ تۇراتتىڭ-دە، كىم شۇ يەردىن ئۆتۈپ قالسا، تاياق بىلەن ئارقىسىدىن ئۇرۇپ قاچاتتىڭ، بەزىدە تېخى كىملا بولسۇن ۋېلىسىپىت بىلەن ماڭغانلارنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ چاقىغا ھېلىقى

تاياقنى تىقىپ يىقىتىۋېتىپ قېچىپ ئۆيگە كىرىۋالاتتىڭ. بىز سىنى كۆپ قېتىم بۇ قىلىقتىن توسۇپ تەربىيە قىلدۇق، يۇمشاق قۇلىقىڭ تەربىيىنى تېز قوبۇل قىلدىيۇ، بىراق ئىجراسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. نەچچە قېتىم باشقىلاردىن گەپمۇ ئاڭلاپ قالدۇق، دەردمۇ تارتتۇق. شۇنداقتىمۇ سىنى ئۇرۇشقا قولۇم بارمايتتى، تىللىغۇممۇ كەلمەيتتى، ئويۇمدا، بالا شۇنداقراق بولسا، ئەركىن، قورقۇمسىز ئادەم بولىدۇ، يۈرەكلىك ئادەم بولسا ياخشى، خەقتىن قورقماي ياشاشنى بىلىدۇ، دەيتتىم. دادامۇ سىنىڭ بۇنداق كەپسىزلىكىڭدىن قەۋەتلا سۆيۈنەتتى، تېخى، مېنى دوراپتۇ، ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق جەسۇر بولۇشى كېرەك، كىم بوزەك ئېتىمەن دېسە، ئادەم يوق جايدا قانىمايدىغان يېرىگە تازا سالىمىز، كۈچىمىز يەتسە ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويىمىز، كۈچىمىز يەتمىسە، تاياق يېمەي، ئۇرۇپ قاچىمىز، بۇ ئوغۇل بالىنىڭ بىر ياخشى ھۈنىرى دەيتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغىنىڭدا كۈلكىدىن بۇدرۇق مەڭزىڭ قىزىرىپ، كۆزلىرىڭ يۇمۇلۇپ كېتەتتى! بىر خىل مەغرۇرلۇق سىنى تامام ئۆز ئىلكىگە ئالاتتى، مەن دادامغا، بۇنداق دېسەك بولمايدۇ دەپ رەددىيە بېرەتتىم.

ئويلىسام، باشقىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن قىلىشىدىغان جېدەللىرىڭمۇ ئاز ئەمەس ئىدى، ئاچچىقىڭ كېلىپ قالسا، باشقىلار دېگىنىڭگە كۆنمىسە، جاھىللىقىڭ تۇتۇپ، غەزەپلىنەتتىڭ دە، قوللىرىڭنى چاققانلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ چوڭ-كىچىك دېمەي ئۇراتتىڭ، كۈچى يەتمىگەن بالىلار يۈزلىرىڭنى تاتىلاپ، قول-مەڭزىڭنى چىشلەپ قان قىلاتتى، ھەتتا باغچىدىكى تەربىيىچى ئايالمۇ سەن بىلەن كۆپ قېتىم دەتالاش قىلغان، بىزگىمۇ دادلانىغان، ئاتا-ئانىلارمۇ بۇنىڭ

سىرتىدا ئەمەس ئىدى. ھېلىھەم سىنچىلاپ قارىساق مەڭزىڭىزدىكى تاتىلانغان جايلاردا تاتۇق ئىزىنى، بىلەكلىرىڭىزدىكى چىشلەنگەن چىش ئىزلىرىنى كۆرىسەن. بۇ تارتۇق ئىزلار ئەينى يىللاردا بەك كىچىك ئىدى، ئۆتكەندە سېنى ئۇزىتىدىغان چاغدا، چىرايىڭغا قېنىۋالاي دەپ سىنچىلاپ قارىۋىدىم، بىر قىسىملىرى يوقىلىپ كېتىپتۇ، يەنە بىر قىسىملىرى تېخىمۇ يوغىناپ، ئۇزىراپ كېڭىيىپ كېتىپتۇ.

سەن ئىنتايىن سەزگۈر ۋە جەسۇر ئىدىڭ، سەزگۈرلۈكۈڭنى ھەربىر تىنىقىڭ ۋە سەن توغرۇلۇق قىلىنغان «مەخپىي» گەپلەرنى، ئىما ـ ئىشارەتلەرنى شۇ ھامان بىلىپ قېلىشىڭدىن بىلەتتۇق. كېيىنكى يىللاردا سېنى ئىدارىمىزنىڭ ھېلىقى يەسلىسىگە ئەكىرىپ بەردۇق، سەن يەسلىدىن بالدۇرلا قايتىپ چىقىپ، ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرىدىغان بولۇۋالدىڭ. ئەينى چاغدىكى باللار باغچىسىغا ھەر كۈنى سەھەردە ئاپىرىپ، كەچتە قايتۇرۇپ كېلىشكە توغرا كەلگەچكە، خىزمەتتىنىڭ ئالدىراشچىلىقى تۈپەيلىدىن يېتىشىپ بولالمىغانىدۇق، يەنە بىرسى ئۇلار ئالغان پۇلغا لايىق ئوقۇتۇش، غىزالاندۇرۇشتىن بەھرىمەن قىلمىدى، ئاخىر يوقتىن ياخشىراق بولغان ئىدارىنىڭ يەسلىسىگە بەرگەنىدۇق. بىز ئىشتىن ۋاقتىدا كەلگەن كۈنلىرى ھېچقانداق ئىش چىقمايتتى، سەل كېچىكىپ قالغان كۈنلىرى ئىشىكىمىز ئالدىدىن ئۆتىدىغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى، ئۇلار ساڭا چىرايلىق گەپ قىلىپ، خۇشامەت قىلىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى، بولمىسا، بۇ يەردىن ماڭماي باشقا جايدىن مېڭىشقا ياكى تىل-ئاھانەت ئىشتىپ، تاياق يېيىشكە توغرا كېلەتتى. مۇبادا كىمدۇر بىرى سېنى ئۇرۇپ سالدىمۇ، بولدى، سېنىڭدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇنى كۆپچىلىك بىلەتتى،

شۇڭا كوچىنىڭ ئاغزىدىلا سىنىڭ قاراڭنى كۆرسە باشقا كوچا بىلەن ماڭاتتى.

قايسىبىر يىلى يازدا دادام سىنى يېزىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولدى، ئاناڭ تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىمۇ سىنى تالىشىپ تۇرۇۋالدى، شۇ چاغدا ئاناڭ ئېغىرلىشىپ ئۆكىلىرىڭنى تۇغۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىدى، شۇنداق قىلىپ سىنى سىرىقبۇيىدىكى تۇغقانلاردىن كېيىن، تېرىمدىكى تۇغقانلار ئېلىپ كەتتى، ئىككى ئايدىن كېيىن كەلگىنىڭدە، ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ قاپسەن، يېزىدا سۇدىن چىقماي ئويناپ، قوغۇن ـ تاۋۇزنى خالىغىنىڭچە يەپ، كۆن نۇرىدا كۆيۈپ قارىداپ كېتىپسەن، ئاغزىڭنى بەك سەت، سەسكىنىشلىك گەپلەرگە ئۆگىنىپسەن، نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي، يېزىدىكىلەردىن قاتتىق ئاغرىندۇق، سىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىپتۇ.

ئىشكىمىز ئالدىدىن ئۆتكەن ئادەملەر ساڭا شۇنداق بىرقاراپ قويسىمۇ، نېمىشقا قارايسەن، دەپلا تىل سالاتتىڭ، ساڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى، ئادەم ئاغزىغا ئالغۇسىز گەپلەر سىنىڭ ئاغزىڭدىن چىقاتتى، بىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاغزىڭنى تۈزىتەلمىدۇق، ئالدىمىزدا ماقۇل دېسەڭمۇ كوچىغا چىقىپلا قىلغۇلۇقنى قىلاتتىڭ.

سەن تېخى نۇرغۇن ناخشىلارنىمۇ ئۆگىنىپسەن، ئاھاڭ ۋە تېكىستلىرى شۇنداق تولۇق ھەم ئۆلچەملىك، بۇنىڭغا بەكلا ھەيران قالدۇق، ھەر كۈنى ناخشا ئوقۇتۇپ، ھۇزۇر ئالاتتۇق. ئۇسسۇللارنىمۇ شۇنداق ياخشى ئۆگىنىپسەن، بىرقانچە ھەرپ ۋە ساننى يېزىش، ئوقۇشنى بىلىۋاپسەن.

بۇ ئىشلار بىزنى قەۋەت خۇش قىلىۋەتتى، بىراق قايسىدۇر بىر كۈنى قوشنىمىزنى تىللاپ كەينىدىن ئۆيىگە قوغلاپ كىرىپ،

ئاللا-توۋا چىقارغىنىڭنى ئۆيلىسام ھىلىھەم نومۇس قىلىمەن، ئوڭايسىزلىنىمەن. ھازىرقىدەك ئېسىمدە، ئاناڭ ئەپۇ سورىدى، ساڭا تەربىيە قىلدى. شۇ يىللاردا سېنىڭ باشقىلارنىڭ قولىدىكى توپنى تارتىۋېلىپ ئەپقاچقىنىڭ، ئېلىپ بەرگەن توپنى باشقىلار بىلەن بىللە ئوينىماي، مېنىڭ توپىمنى نېمىشقا تۇتىسەن دەپ جېدەل قىلغانلىرىڭنى ئويلىسام كۈلكەم قىستايدۇ. بۇلار سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ بولسىمۇ، ھەرگىز سەندىن كۆرمەيتتۇق، پەقەت تۇزەتسە بولىدۇ دەيتتۇق. ئىنچىك ھالدا تەربىيىنى ئاساس قىلاتتۇق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، يول قويۇش، ئەپۇ سوراش قاتارلىقلارنى قانداق ۋاقىتتا قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرەتتۇق. بۇ دەرھال ئۈنۈم بەرمىگەن بولسىمۇ، بارا-بارا تەسىر قىلدى، سېنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقىڭ بار ئىدىكى، بازارغا چىققاندا ئۈنى يەيمەن، بۇنى ئالىمەن دەپ پەقەت خاپا قىلمايتتىڭ، ياق-ياق، سەندە شۇ خىل بالىلارچە يېتەرسىزلىك يوق ئىدى، مەيلى توي سورۇنى ياكى يېمەك - ئىچمەك، ئويۇنچۇق سورۇنى بولسۇن، پەقەت تالاشمايتتىڭ، ئويناش، يېيىشنىڭ خەقىشىنى قىلمايتتىڭ. سەن بۇ جەھەتتە نۇرغۇن بالىلارغا نەمۇنە ۋە ئۈلگە ئىدىڭ! كېيىن ئويلىسام، بۇ ساڭا پۇل خەجلەشنى بىلدۈرۈشنىڭ تەسىرىدىن بولغان ئىش ئىكەن. بۇ ھەقتە ساڭا ئايرىم سۆزلەپ بېرىمەن.

سەن بەش يېرىم ياشقا كىرگەن يىلى 9-ئاينىڭ باشلىرىدا، يەسلىدىن چىقىپ، بالىلارغا ئەگىشىپ بېرىپ، قەشقەر شەھىرى غوجامكۆلبېشى 3-باشلانغۇچ مەكتەپكە كىتىپ قاپسەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بەكلا ئەنسىرەپ قالدىم، مەكتەپ ئىدارىدىن ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، مەدەنىيەت يولىدىن كىسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. يولدا ماشىنا، موتسىكلىت، ۋېلىسىپىت بەك كۆپ

بولۇپ، بىخەتەر ئۆتۈشكە سەل قارىساق بولمايتتى. مەن شۇ چاغدا باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ خەنزۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ قالدىم؛ خەنزۇلار ئون نەچچە ياشلىق بالىلىرىنىمۇ مەكتەپكە ۋېلىسىپىت، موتسىكلىت ياكى ئاپتوموبىل بىلەن ئاپىرىپ ـ ئەكېلەتتى، بىز بالىلارغا نېمىشقا ئۇلاردەك كۆڭۈل بۆلمەيمىز، ئوقۇشىنى قوللىمايمىز؟ بۇ بىزنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشكە سەل قارىغانلىقىمىز ئەمەسمۇ؟ بەزىلەر دۆت بالىلارنى شۇنداق قىلماي بولمايدۇ دېيىشتى. ئەمما، كىچىك بالىنى مەكتەپكە شۇنداقلا يولغا سېلىپ قويساق، ھەتتا ئۆزى بىرنۇالسا مەسىلە چىقسا كىم ئۇقىدۇ؟ مەن سەل كايىدىم، ئاناڭمۇ شۇ ھېسسىياتتا بولدى، ئەمما سەن تەن بەرمەي، ئۆزۈم بارىمەن، سىلەر بارساڭلار بارمايمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭ، ئاندىن: بالىلار باغچىسىدا بىللە ئوقۇغان ئادىشىم بىلەن تونۇشتۇم، تازا ئوينىدۇق، بىزنى ھېچكىم بوزەك قىلمىدى، ئۇنىڭ ئانىسى بىللە ئوقۇڭلار دەپ تاپىلىدى دېدىڭ. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى: نوپۇسۇڭنى ئېلىپ كەل دېدى دېسەڭ، يەنە بىر كۈنى دادىڭ ياكى ئاناڭنى بىللە ئېلىپ كەل دېدى دەپ يۈرۈپ مەكتەپكە بېكىپ قالدىڭ. ئوقۇتقۇچى ئايالنىڭ: يېشى كىچىك ئىكەن، مەكتەپ يېشىغا يەتمەپتۇ، قارىسام بەك چېچەن، شوخ تۇرىدۇ، سان سىرتىدا ئوقۇتۇپ باقاي، دەرسكە يېتىشىپ قالسا، سانغا كىرگۈزەرمەن، بولمىسا، كېلەر يىلى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، دېگىنىگە ماقۇل بولدۇم.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، دەرس باشلاندى. تۇنجى دەرس ئۆتۈلگەن ئاخشىمىلا تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن دېۋېدىڭ، بۇ گەپ

بىزگە سەل غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ خۇشال هالدا سېنى قوللىدۇق، ئىش ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى، سەن كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان بىر خىل ئىنتىلىش ۋە بېرىلىش ئوتىدا پۇچىلىنىپ، مېنى ۋە ئاناڭنى هەيرەتتە قالدۇردۇڭ! شۇ كېچىسى تۇن تەڭ بولغاندا، ئويغىنىپ كەتتىڭ ۋە: تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولالمىدىم، چالا قويسام خانىم رەنجىپ قالىدۇ، مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىدۇ، شۇڭا تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ ئۇخلايمەن، سىلەر ئۇخلاۋېرىڭلار دەپ تۇرۇۋالدىڭ، بىز سېنىڭ بۇ قىزغىنلىقىڭنى توسۇشنى خالىمىساقمۇ، سەھەردە ئويغىتىپ قويساق، ئىشلەپ بولىدىغانلىقىڭنى ئېيتساق، سەن زادىلا ئۇنىمىدىڭ! يېزىدىن كەلگەن تۇغقانلارمۇ ئويغىنىپ كېتىپ هەيران قالدى ۋە: بىزنىڭ باللارنى ئۇرساقمۇ تاپشۇرۇق ئىشلىمەيدۇ، يالۋۇرۇپ پەپىلەپ، ئۇنى-بۇنى ئېلىپ بېرىمىز، شەھەرنىڭ باللىرىنىڭ ئەقىللىق بولۇشى دەل مۇشۇنداق كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆگىنىشكە قىزىقىپ، تەلىم ئالغانلىقىدىن بولىدىكەن، بوپتۇ، كۆڭلىگە ئىنساپ بەردى دېگەن شۇ، پېشانىسى ئوڭ بولسۇن، ئاتا-ئانامغا جەبىر سالماي، ئۆز نېنىمنى ئۆزۈم تېپىپ يەي دەپتۇ، دېيىشىپ قەۋەتلا خۇشال بولدى. سەن ئۇنداق قىلىۋاتقان يەردە بىز ئۇخلىساق بولمايتتى، مەن ئۆرە تۇردۇم، ئاناڭمۇ تاپشۇرۇق ئىشلىشىڭگە ياردەملەشتى. لېكىن، سەن «ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق...» دەپ ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى 10 قېتىمدىن يېزىپ بولۇپ ئۇخلىدىڭ ۋە ئەتىگىنى بىزدىن بۇرۇن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، مەكتەپكە ماڭدىڭ. ئاناڭ ئىدارىسىدىن ئېلىپ كەلگەن لاتا سومكىنىڭ ئورنىغا يېپيېڭى بىر

بالىلار سومكىسى ئېلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى كەپسىزلىكىڭ نەگىدۇر يوقالدى. ھەر كۇنى مەكتەپتىن كېلىپلا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە كىرىشىپ كېتەتتىڭ، ئۆينىڭ باشقا ئىشلىرى، ئويۇن-تاماشا، ھەتتا تاماق بىلەنمۇ كارىڭ يوق ئىدى، ئارام ئېلىش، تەتىل كۇنلىرىمۇ ئوخشاشلا تاپشۇرۇق ئىشلەش، كىتاب كۆرۈش بىلەن بولۇپ كېتەتتىڭ. ئىلگىرىكىدەك غەلۋەڭدىن پەيدا بولىدىغان دىل ئازارلىقى، جاڭجاللار بىراقلا بېسىقتى. سەن باشقا يەرگە كەتكەندەكلا ئىدارىنىڭ ئىچىمۇ جىمىپ قالدى. كىشىلەر بىزدىن سېنى سورايتتى، سېنىڭ بىردىنلا ياخشى ئادەم بولۇپ قالغانلىقىڭنى تىلغا ئېلىپ تەرىپىڭنى قىلاتتى. ئۇلار، كىچىكىدە كەپسىز بالا چوڭ بولغاندا ئالامەت ياخشى ئادەم بولىدۇ دېيىشتى.

مەكتەپ سېنى قويىنىغا ئېلىپ ئادەملىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى. كەپسىزلىكلىرىڭنى تىزگىنلەپ، ئەگرى يوللاردىن توستى. سەندىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ شۇقەدەر كەسكىن، تېز بولغىنىغا ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئەقلى يەتمەيتتى. بۇنىڭغا گاھىدا ئىشەنمەي قالاتتىم، بىراق بۇنداق خىيالنى قىلىشتىن ئۆزۈمنى دەرھاللا تارتاتتىم. كۆز تەگمىسۇن دەيتتىم.

كىشىلەر ئېيتقاندەك سەن چېكىنمىدىڭ، سەندە شۇنداق بىر خىل ئىنتىلىش، ئۆگىنىش ئادىتى بارا-بارا يېتىلدى، ئاناڭ ساڭا قولىدىن كېلىدىغانلىكى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرەتتى. قۇۋۋەت تولۇقلايدىغان ئالاھىدە يېمەكلىك، ئوزۇقلۇقلارنى ئەكىرىپ باقاتتى، بەزىدە ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرەتتى. باغچىلارغا ئېلىپ چىقىپ ئويناتاتتى. سېنىڭ كەپسىزلىكتىن ئۆزگىرىپ، ياخشى بالا بولغانلىقىڭ ئىدارىدىكىلەر، ئائىلە ۋە تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدىلا ئەمەس، مەكتەپ، ھەتتا شەھەردىكى تەڭ دەرىجىلىك

سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈشكە باشلىدى.

ئوغلۇم، ماڭا ئوخشاش ياش، ھېسسىياتچان بىر دادا، ھېچقانچە تەجرىبىسى يوق، ئەمما كۆيۈمچان بىر ئانا ئۈچۈن ئېيتقاندا قانچىلىك خۇشاللىق ئاتا قىلغانلىقىڭنى سەن بىلمەيسەن، بىز سەندىن شۇ چاغدىن ئېتىبارەن پەخىرلىنىشكە باشلىدۇق، سۆيۈنۈش، ئۆزىنى كۆرسىتىش ھېسسىياتىنىڭ قانچىلىك مەۋج ئۇرغانلىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن ئىدى، سەن ئائىلىمىزدە نۇرلۇق چىراغقا ئايلىنىپ، قەلبىمىزنى، ئائىلىمىزنى نۇرلاندۇرۇۋەتتىڭ!



# رىغبەت ۋە قانات

ئوغلۇم، ئىنساننىڭ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنى ئۆزى روياپقا چىقىرىدۇ، بەزىلىرىنى بالىلىرى، يەنە بەزىلىرىنى پايدىلىق شارائىتلار (ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىشى) ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مېنىڭچە، ئادەم ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆزى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ، باشقىلار ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىمەن دېگەن گەپ قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى ئۆزۈڭدىن باشقا ھەرقانچە يېقىن ئادىمىڭمۇ دېگەن يېرىڭدىن چىقىشى ناتايىن، سەن ئويلىغاننى ئۇ ئويلىمايدۇ، ئارزۇيۇڭدىكى ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. مېنىڭمۇ نۇرغۇن ئارمانلىرىم بولسىمۇ، ئۇنى سەن ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش خىيالىدا بولۇپ باقمىدىم. پەقەت ئوغلۇم كەلگۈسىدە مەن ھۆرمەت قىلىدىغان ئاشۇ فىزىكا ئالىمى مۇھەممەت ئابدۇسالامغا ئوخشاش ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقسا دەيتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ساڭا، سەن بىزگە ماسلىشىشقا توغرا كېلەتتى، سەن يۇمران نوتا، قايسى شەكىلدە ئېگىپ قويساق، شۇ تەرەپكە ئۆسسەن، سېنى قانداق تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇش، يارامىلىق ئادەم قىلىش ـ قىلماسلىق تاشقى سەۋەب نۇقتىسىدىن بىزنىڭ ئىلكىمىزدىكى ئىش ئىدى، بۇ بىزنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەجبۇرىيىتىمىز ئىدى. بۇ مەجبۇرىيەتنى ناھايىتى ئەستايىدىل، ياخشى ئادا قىلمىساق بولمايتتى. چۈنكى

قۇربان بەرمەي، بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ، بىرەر ئىشتا نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ. ئاناڭ بىلەن مەن بەكمۇ سەزگۈرلىشىپ كەتكەنلىكىمىزدىن بارلىق ئەس - يادىمىز سەن بىلەن ئىدى، شۇڭا ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ مەكتەپكە مېڭىشىڭنى، كەچتە بېرىلىپ تاپشۇرۇق ئىشلەپ، كىتاب كۆرۈپ، دەرسلەرنى تەكرارلىشىڭنى كۆرۈش، نازارەت قىلىش ئەنئەنىمىزگە ئايلاندى، بىز بەك ئەستايىدىللىشىپ كەتكەندۇق. قاچان بولمىسۇن، مۇشۇ خىل قىزغىنلىق ۋە ئادەتلىنىشتىن يالتىيىپ قېلىشىڭنى كۆرۈشنى خالىمايتتۇق. لېكىن، بۇنى ئاغزىمىزدىن چىقىرالمىساقمۇ، بۇنداق بىر تەتۈر تارىخىي باسقۇچنى تەكرارلىماسلىقىڭنى تىلەيتتۇق. شۇ ۋەجدىن ھەر كۈنى تاپشۇرۇقلىرىڭنى نازارەت قىلاتتۇق، ئاستىرتتىن تەكشۈرەتتۇق، بىلمىگەن جايلارنى سوراشنى تەلەپ قىلاتتۇق. ئۆيلىمىغاندا سەن دەرسلەرنى مۇئەللىم ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئۆگىنىپ ماڭىدىغان بولدۇڭ، بۇ بىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلدى. تامىقىڭنى ۋاقتىدا يېگۈزگەن، كىيىمىڭنى يۇيۇپ رەتلىك كىيدۈرگەندىن باشقا، دەپتەر، قەلەم دېگەندەك ئوقۇش قوراللىرىنى يېتەرلىك تەييارلاپ بېرەتتۇق، ھەتتاكى بەزىدە دەپتەر، قەلىمى يوق باللارغا ياردەم قىلىش يۈزىسىدىن دەپتەر، قەلەملەرنى ئۈنداق ئىشلىتىسەن، بۇنداق ئىشلىتىسەن دەپ چەك قويمايتتۇق، پەقەت تېجەشلىك، چىرايلىق ئىشلىتىشنى، ئېشىپ قالسا، باشقا باللارغا ياردەم قىلىشنى جېكىلەيتتۇق. سەن شۇنداق قىلدىڭ، تۇنجى ئوقۇش يىلىدىكى دەرس نەتىجەڭ بىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى، سەن ھەممە پەندىن 98 ياكى 100 نومۇر ئالدىڭ، ئومۇمىي نەتىجەڭ 99.6 چىقتى. ئوقۇتقۇچۇڭ ئاتا - ئانىلار يىغىنىدا تەرىپىڭنى تەكرار- تەكرار قىلدى، مەن قەۋەتلا سۆيۈندۇم، بەك

ھاياجانلانديم، تېخى باشقا باللارنى سەندىن ئۆگىنىشكە چاقىردى، ئۆگىنىش باشلىقى سايلاشقا شەرتى پىشىپ يېتىلدى دېدى. بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم دېگەندەك، تۇنجى قەدەملىرىڭ ناھايىتى غەلىبىلىك بېسىلدى، بىر كەپسىز بالىنىڭ بۇنداق نەتىجىلىرى ساۋاقداشلىرىڭنى ھەيران قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىدارىمىزدىكى سەن بىلەن ئوقۇيدىغان باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىمۇ ھەيرەتكە چۆمدۈردى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، بەزى تەڭتۇشلىرىمىز قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرغان ھالدا ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىك نەزىرىدە قاراپ، باللىرىنى كۆزىمىزدە ئۇردى ۋە يۈزىمىزنى چۇشۇردۇڭ، ئاشۇلارنىڭ ئالدىدا بىزنى يەرگە قاراتتىڭ دەپ چالۋاقىدى. بۇ بىز خەقنىڭ نادانلىقىمىزدىن بولۇۋاتقان ئىشكى، قانداقتۇر قوللىغانلىق ئەمەس، چۆكۈرۈش، بېسىش ئىدىيىمىزنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى، خالاس! بىز سېنىڭدىن خاتىرجەم بولغاندا، يەنىلا ساڭا مۇناسىپ ياردەم بېرەلمىگەنلىكىمىزنى، ئۆزىمىزدە يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىك ۋە ئاجىزلىقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغانىدۇق. مەن سېنىڭ تۇنجى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى نەتىجىلىرىڭنى ئاغزى-ئاغزىمغا تەگمەي سۆزلەپ بارغاندا، ئاناڭ تولىمۇ تاتلىق گەپ قىلدى: بۇ بەك ياخشى بولغىنى، بىزمۇ ئۇنى رىغبەتلەندۈرەيلى، ئۇنىڭغا مۇكاپات پۇلى بېرەيلى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر پەندە 100 نومۇر ئالساڭ، پەسىلدە 50 يۈەن، مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا 50 يۈەن، يىللىق ئىمتىھاندا 100 يۈەن مۇكاپات پۇلى بېرىدىغان بولدۇق ۋە ئالدىڭدا جاكارلاپ ئەمەلىيلەشتۈردۇق. بۇمۇ سەندە بىر خىل قىزغىنلىقنى پەيدا قىلدى. مەكتەپ بويىچە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ تىكلەنگەندىن كېيىن، شەرىپىڭ، تەرىپىڭ

كۆنسايىن ئېشىپ باردى. بۇنداق رىغبەت سىنى تېخىمۇ قىزغىن، تېخىمۇ ئەستايىدىل بالىغا ئايلاندۇردى.

سەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا بىز ئۆيىمىزنى ھازىرقى قىزىلدۆۋە تەرەپكە يۆتكىدۇق، ئەمدى ئوقۇيدىغان مەكتىپىڭمۇ يۆتكىلىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا قىزىلدەريا باشلانغۇچ مەكتەپ ـــ قەشقەر شەھەرلىك 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكەلدىڭ. ئەينى چاغدىكى ئوقۇتقۇچۇڭ ئايگۇل توختى سەندىن ئايرىلىشنى خالىماي، بىزگە نۇرغۇن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ سىنى ئەسلىدىكى مەكتەپتە ئېلىپ قېلىشنى، ھەتتاكى ھەر كۈنى مەكتەپكە ئۆزى ئەكېلىپ ـ ئاپىرىپ قويۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ساڭا بەك ئامراق ئىدى، ئاخىرى بۇ بالىنى ئاران يېتىشتۈردۈم دەپ يىغلاپ كەتتى. ئەمما، بىز قوشۇلمىدۇق، ئىككى ئۇكاڭمۇ سەن بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇشى، ئۇلارغا سەن ياردەم بېرىشىڭ ۋە يېتەكلىشىڭ زۆرۈر ئىدى. سەن يېڭىدىن كىرگەن سىنىپىڭ تەرتىپى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈستىگە، ئالدىنقى قاتاردا ماڭىدىغان باللاردىن بىرسىمۇ يوق ئىكەن. ساڭا بىر قىسما قارىغان ئوقۇتقۇچىلار بىر ھەپتىدىن كېيىنلا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى. سىنىپ ھەيئەتلىرىنى قايتىدىن سايلاپ، سىنى ئۆگىنىش باشلىقى قىلىپ قويدى، سەن ساۋاقداشلىرىڭغا ئۈلگە بولدۇڭ، ھەتتا 50 نەچچە ئوقۇغۇچىغا قوشۇمچە دەرس بەرگۈچىگە ئايلاندىڭ. سىنىپىڭ داۋامى ۋە دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى شۇ يىلى يىل ئاخىرىدىلا ياخشىلار قاتارىغا ئۆتتى. ئوقۇتقۇچۇڭ ۋە مەكتەپ مۇدىرى بىزنى چاقىرىپ، بۇ نەتىجىنىڭ سېنىڭ تەسىرىڭ بىلەن قولغا كەلگەنلىكىنى، كۆپ سانىنى

تەشكىل قىلغان ئەسكى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشىدە بىر ياخشى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوينىغان رولىنىڭ شۇقەدەر چوڭلۇقىنى ۋە تولۇق ئامىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزگە كۆپ تەشەككۈر بىلدۈردى.

سەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلار ساڭا ئالاھىدە لەۋھە تەقدىم قىلدى. قارىغاندا سەن بۇ مەكتەپ ئۈچۈن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى ۋە ئۆگىنىش ئۈلگىسى تىكلەپ بەرگەنىدىڭ. شۇ يىللاردا سەن ئېرىشكەن شەرەپ گۇۋاھنامىلىرى ۋە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى، مۇنەۋۋەر پىئونېر» دېگەندەك تەقدىرنامىلەر ئۆيىمىزنىڭ تەكچە ـ تاملىرىنى بىر ئالغانىدى. دەرس بەرگەن بىر ئوقۇتقۇچى ئىنىڭ ھەزرىتىئۆمەرنى قوبۇل قىلىدىغان چاغدا، سېنىڭ ئۇكاڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تالىشىپ ئۆزىنىڭ سىنىپىغا ئېلىپ چىقىپ ئوقۇتتى. بۇمۇ سېنىڭ تەسىرىڭ ۋە ئۇلاردا قالدۇرغان ياخشى ئوبرازىڭنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

سەن قەشقەر شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدۇڭ، ئۆگىنىش سىجىللىقىڭ زىيادە ئېشىپ كەتتى، ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىشىمىزمۇ كار قىلمىدى، ھەتتا ئوقۇتقۇچۇڭ تەكلىپ بېرىپ كۆپرەك ئارام ئېلىشقا ياردەم بېرىشىمىزنى ئېيتتى، لېكىن ئامال يوق ئىدى، سەن: ھەممە ئاتا ـ ئانا ئوقۇ، تاپشۇرۇق ئىشلە دېسە، سىلەر ئۇخلا، ئوينا دەيسىلەر، مەن مۇشۇنداق گەپلەردىن بەك بىزار بولدۇم دېدىڭ. سەن يەنىلا سىنىپىڭ ئۆگىنىش باشلىقى، مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدىڭ. تولۇقسىز 2 ـ يىللىققا چىققاندا، مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئارا

ئۆگىنىش ۋە باشقا تۈرلەر بويىچە بىر ـ بىرىگە رىقابەت ئېلان قىلىش پائالىيىتى يولغا قويۇلدى، ساڭا مەكتەپ بويىچە 47 نەپەر ئىلغار ئوقۇغۇچى رىقابەت ئېلان قىلدى. سەن بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسى، ئەخلاق، ئىنتىـــزام ۋە باشقا تۈرلەردە ئۇدا 1 ـ دەرىجىلىك «ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچـــى» بولدۇڭ، ئاخىرقى يىلىغا كەلگەندە ھېلىقى رىقابەتچىلەردىن ئاران يەتتىسى سەپتە قېلىپ، قالغانلىرى چېكىنىپ كەتتى، ئۇلاردىن پەقەت بىرسىلا سەن بىلەن ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتتى، قالغانلىرى ئورنىدا قالدى.

مۇشۇ بىرقاتار ئىشلار سەۋەبلىك سېنى تەشۋىق قىلىپ، جاسارىتىڭنى جەمئىيەتكە تونۇتۇش زۆرۈر ئىدى. سەن ئۇچۇن زور ئىلھام، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۈلگە بولاتتى. ئۇ يەنە بىر بۆلۈك باللارنىڭ ياخشى ئوقۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايتتى. قايسىبىر يىلى يازلىق تەتىلدىن كېيىنكى ئوقۇش مەۋسۇمىدا مەكتىپىڭلار مۇخبىر تەكلىپ قىلىپ، بەزى ئىشلارنى تەشۋىق قىلىشنى پىلانلىدى، گېزىتخانىدىن مەن ساڭا گېپىنى قىلغان ھەببە زەيدىنجان ئاچاڭ مۇخبىرلىققا باردى ۋە سېنى ئالاھىدە داڭلاپ، قازانغان ئۇتۇقۇڭنى مەكتەپنىڭ بەكمۇ يۇقىرى باھالار بىلەن تەرىپلىگەنلىكىنى، شۇ ھەقتە ماتېرىيال ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەندىنمۇ بەزى ماتېرىياللارنى ئالدى، ئۇ بىر پارچە تونۇشتۇرۇش ماقالـــــى يېزىپ، تەھرىر بۆلۈم رەھبەرلىكىگە سۇنۇپتۇ. ئەپسۇسكى، باشلىقىمىز رەت قىپتۇ، ئايرىم مۇھەررىرلەرمۇ خالاپ كەتمەپتۇ، چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كەپسىز بالا ھېسابلىناتتىڭ! كېيىن سەن توغرۇلۇق نۇرۇللا ئېلى تەرىپىدىن «تىرىشقان تاغ تاشار» ناملىق ئوچېرك يېزىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن گېزىت ـ ژۇرنال،

رادىئولاردا كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىندى. ماختاشلار ساڭا ھېچقانچە تەسىر قىلىپ كەتمىگەندى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ سەن كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى، شۇ بىرلا ئىش، يەنى ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش سېنىڭ نەزىرىڭدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئىدى. سەن بۇنى ھەقىقەتەنمۇ توغرا قىلغانىدىڭ!

ھازىر ئويلىسام، بىز ساڭا ھەقىقىي ھەمدەم بولغان ئىكەنمىز؛ ئائىلىۋق، مەكتەپ، ئاناڭ بىلەن مەن، جەمئىيەت سېنىڭ ئوقۇشۇڭغا كۆڭۈل بۆلگەن، بولۇپمۇ بىزنىڭ ماسلىشىشىمىز مەكتەپنىڭ تەربىيىسىگە، ئوقۇتقۇچىنىڭ ماسلىشىشى بىزنىڭ ماسلىشىشىمىزغا دەلمۇدەل كەلگەن. بۇنداق ماسلىشىش پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشى، ياخشى ئوقۇشى ۋە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن.



# پۇل ۋە قىممەت قارىشى

ئوغلۇم، سەن هازىرغىچە بىلگەن ئىشلار يېشىڭغا قارىغاندا بەك كۆپ، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىر قىسمى. يەنى هايات يولۇڭدا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ئىپتىدائىي قىسمى (باشلانمىسى) خالاس، ئەدناسى سېنىڭ پۇل توغرىسىدىكى چۈشەنچەڭمۇ شۇ ياشتىكى باللارغا سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر چوڭقۇر.

راستىنى دېسەم، مەن ئەقلىمنى تاپقاندا، پۇلنىڭ قانچىلىك مۇهىملىقىنى ۋە كىشىلىك قىممەت قارىشىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم، مەنلا ئەمەس، مەن ياشىغان شۇ زاماندا، كىشىلەردە قىممەت قارىشى دېگەن ئۇقۇممۇ يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە پۇل ئىدىيىنى (ئادەمنى) چىرىتىشنىڭ بىر خىل مەنبەسى ئىدى، پۇل تاپقان ئادەملەرمۇ ياخشى ئادەم هېسابلانمايتتى. بىزنىڭ مەهەللە (شۇ مەزگىللەردە ئەترەت دېيىلەتتى) دە ئەترەت باشلىقى نېمىنى دېسە، شۇنىڭ ئۆزى پۇل، شۇنىڭ ئۆزى خىزمەت، شۇنىڭ ئۆزى كۆندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاساسى ئىدى. قىلغان ئىشنىڭ ئۈنۈمى مۇهىم ئەمەس، پەقەت ئاكتىپ ئىشلەپ، نومۇرنى كۆپ ئېلىپ، هۆكۈمەت بەرگەن نورمىغا لايىق خىزمەت قىلىشلا كۇپايە ئىدى. ئوقۇمىسىمۇ، بىلىم ئالمىسىمۇ، پۇل تاپمىسىمۇ بولىدۇ، پەقەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنۇپ، ئېتىزنىڭ ئىشىنى جان - پىدالىق بىلەن قىلىش، هېچبولمىغاندا، ئەترەت باشلىقى ياكى يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق

ئالدىدا كۆچىنىپ ئىشلەپ، ئۆز-زىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە غەيرەت-جاسارىتىنى نامايان قىلىش زۆرۈر ئىدى. بۇ شۇ خىل مۇھىتتىكى ھاياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىدى، پۇل تېپىش يامان ئىش، باي بولۇش ئايىنىپ كەتكەنلىك ھېسابلىناتتى. بۇ بەلكىم شۇ چاغدىكى ئادەملەرنىڭ قىممەت قارىشى بولسا كېرەك. ئەمما، مەن پۇلنىڭ نېمىلىكىنى دادامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ بارلىق چارە-ئاماللار بىلەن پۇل تېپىپ، بىزنى ياخشى باقاالىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. ئۇ «يانچۇقۇڭدا پۇلۇڭ بولسا، جاڭگالدا شورپا» دەيتتى، ئۇ ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي پۇل تاپاتتى، تولىمۇ تېجەشلىك بىلەن خەجلەيتتى، ئولتۇرسا-قوپسا پۇل تېپىش ئۇستىدە باش قاتۇراتتى، ئېتىزنىڭ ئىشىدىن كىرىپ، كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ، تۇماق، جۇۋا، شەپكە، دوپپا تىكىپ، كىملەرگىدۇر خۇپىيانە سېتىپ، پۇل قىلاتتى؛ بەزىدە جۇۋازچىلاردىن ئالغان بىرنەچچە كىلوگرام ياغنى ۋېلىسىپىتكە ئارتىپ، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىگە ئاپىرىپ گۈرۈچ تېگىشىپ، يەنە 100 نەچچە كىلومېتىر يولنى كېچىچە بېسىپ، ئەتىسى ئىشقا ئۈلگۈرۈپ كېلىپ بولاتتى. ئۇ چاغلاردا، ياغ، گۈرۈچ بەك كەمچىل ئىدى، دادامغا ئوخشاش كىشىلەر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بايىقىدەك يوللارنى تېپىپ، تۈرلۈك ئامالالار بىلەن پۇل تاپاتتى ۋە ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئۇ يىللاردىكى سەرگۈزەشتىگە تولغان ئاجايىپ تۇرمۇش كارتىنىسىنى تولۇق چۈشىنىشكە قادىر بولالىساڭ بەكلا ھەيران قالاتتىڭ، كىشىلەرنىڭ شۇقەدەر نامرات، دۆت، رەزگىللىكىنى چۈشىنىپ يېتەتتىڭ! مەن شۇ چاغلاردا پۇلنىڭ قانداقلىقىنى بىلگەن ۋە پۇلغا بولغان چۈشەنچەم چوڭقۇرلاشقانىدى، ئەمما كىتابىي بىلىمگە زىيادە بېرىلىپ، ھېسسىي نەرسىلەرگە قاتتىق ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن، پۇلغا قىزىقىشىم دادامدەك بولماي كەلدى، تاكى

ھەممە ئادەمدە پۇل قارىشى يېتىلگەن، قىممەت قارىشى تەدرىجىي پەيدا بولغان 90-يىللارغا كەلگەندىلا خىيالپەرەسلىكنى چۆرۈۋېتىپ، ئۆزۈمدىكى يوشۇرۇن كۈچنى نامايان قىلدىم. ساڭا بۇنى قانداق سىڭدۈرۈشتە بەك ئويلانمىساق، ئەتراپلىق چۈشىنىش پۇرسىتى ياراتمىساق بولمايتتى. مەن باللار ۋە باللار تەربىيىسىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇم، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈك نەزەرىيە بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە بالىغا مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، تۇرمۇشتىن، رېئاللىقتىن بەك چەتنەپ كېتەتتۇق، قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن بالىغا نىسبەتەن كۆزنى تويدۇرۇش، كۆكسى-قارنىنى كەڭ قىلىش كېرەك دەپ قارايتتىم. شۇڭا، كىچىك ۋاقتىڭدىن باشلاپلا قولۇڭغا پۇل بېرىش، خەجلىتىش كېرەك دەپ قارىدىم. بۇ ئۆزۈمنىڭ سەزگۈسىدە پەيدا بولغان تەپەككۇر ئىدى.

ئوغلۇم، دۇنيادا ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ دەھشەتلىك ئېزىلىشكە دۇچار بولغان ۋە نامراتلىقنىڭ دەردىنى يېتىپ-ئاشقۇچە تارتقان يەھۇدىيلارنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا ئاجايىپ مۆجىزات سۈپىتىدە قەد كۆتۈرگەنلىكىنى ئوبدان بىلىسەن. ئۇلار بالىلىرىنىڭ قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا پۇلنى بىرلىك قىلغان، ماددىنى (ئەمەلىيەتتە بار بولغان نەرسىلەرنى) ئۆلچەم قىلىشقا ئادەتلەندۈرگەن، ھەتتاكى ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىپ ياشاش ھوقۇقىنى يۇرگۈزۈش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسىمۇ بالىلىرىغا پۇل بېرىپ ئىش قىلدۇرىدىغان، پۇل بەرمىسە ئىش قىلمايدىغان بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ قىممەت قارىشى، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى چۈشەنچىسى ۋە ياشاش ھوقۇقىنى يۇرگۈزۈشنىڭ مەنبەسىنى ئاچقان، شۇڭا ئۇلار ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مىللەت، ئەڭ باي مىللەت، مائارىپ تەربىيىسى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشقان مىللەت، ساپاسى ئەڭ يۇقىرى

مىللەت بولۇپ شەكىللەندى. ئەمما، بىز ئۇيغۇرلاردا ئۇنداق يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئاڭ تېخى تەرەققىي قىلغىنى يوق، پۇلغا بولغان چۈشەنچىمۇ ئۇنداق كونكرېت ئەمەس. بىر بولسا، پۇلنى كۆزگە ئىلمايدىغان، بىر بولسا پۇلغا ھەممە نەرسىنى تېگىشىۋېتىدىغان غاپىللىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالغان. ئىككى ھېيت، شۇنىڭدەك ھەرخىل توي، مۇراسىم، مەرىكە، بايراملاردا باللارغا ئۆزىچىلا، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق نۇرغۇن پۇلنى بىكاردىنلا بېرىۋېتىمىز، بۇ بىزدىكى بىرخىل ئەنئەنە، ئادەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ باللارغا كەلتۈرىدىغان پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. باللار بىكارغىلا كەلگەن بۇ پۇلنى خالىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ يېيىشكە سەرپ قىلىدۇ، بۇزىدۇ، ھەتتاكى يامان ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ، تېجەشنى بىلمەيدۇ، چۈنكى بۇ پۇللار ئەجىر-تەر بەدىلىگە كەلگەن ئەمەس، باللار تەر ئاققۇزغان بولسا، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكەن، بۇزمىغان، تېجىگەن بولاتتى. باللاردا بۇ خىل قىممەت قارىشىنىڭ بەلگىسى بولمىغانلىقتىن، پۇلنى بۇزماي نېمە قىلىدۇ؟! ئۇنداق باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلامدۇ؟!

يۇقىرىقىلار بىز ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ساۋاق، ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا بۇنى ئۆرنەك قىلىشىمىز زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، ئاناڭ بىلەن دېيىشىپ، كىچىك چېغىڭدىن باشلاپ، ساڭا پۇل تېجەشنى تەشەببۇس قىلدۇق ۋە ئاشۇ خىل پۇللارنى ئاناڭ ئۆزى يىغىپ ساقلاپ، ئوقۇش-تەربىيىلىنىشىڭگە كېرەكلىك نەرسىلەرگە خەجلىدى، ئورنىنى يەنە تولۇقلاپ قويدى... سەن ئەمدىلا پۇلنى پەرق ئېتىپ، پۇلغا ھەرخىل نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەندە، تۇنجى قېتىم بىر يۈەن پۇلنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ، ئىدارىنىڭ ئاشخانىسىغا نانغا ئەۋەتكەن ۋە ئارقاڭدىن بېرىپ كۆزەتكەندۇق. سەن دائىم نانىنىڭ گېپى بولسىلا: پۇل بەر، مەن ئېلىپ كىرىمەن دەپ تۇراتتىڭ، بىزنى

بىر ئاۋارىچىلىكتىن تۇنجى بولۇپ قۇتۇلدۇرغانىدىڭ، كېيىن يەنە كوچىغا چىققاندا نېمە سېتىۋالماقچى بولساق، پۇلنى ساڭا بېرىپ ئالدۇردۇق. ئاپتوبۇسقا چىققاندا بىلەتنى سېنىڭ ئېلىشىڭغا يول قويدۇق. كوچىدا ئۇنى-بۇنى ئېلىپ يېيىشىڭنىڭ ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىكىنى، زىيانلىق تەرەپلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئېيتىپ چۈشەنچە بەردۇق. ئائىلىنىڭ نۇرغۇن سودا-سېتىقلىرى سېنىڭ قولۇڭ بىلەن يۈرۈشىدىغان بولغاندا، بىز بىردىنلا يېنىكلەپ قالدۇق.

بۇ بىرقاتار ئىشلار سېنىڭ قەلبىڭدە پۇلغا بولغان چۈشەنچىنى ئاشۇردى، سەن تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنگە قەدەر بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى يىغىپ تېجىدىڭ، نۇرغۇن پۇلغا ساۋاقداشلىرىڭغا كىتاب، دەپتەر-قەلەم ئېلىپ بەردىڭ، ئۆزۈڭگە كېرەكلىك بىر تۈركۈم تەكرارلاش كىتابى، لۇغەت، كۆرسەتمىلىك دەرس قوراللىرىنى سېتىۋالدىڭ. بىزدىن بىر موچەنمۇ ئالمىدىڭ. بەزى يىللىرى ئوقۇش ۋە كىتاب پۇلىنى ئۆزۈڭ يىغقان پۇلدىن تۆلىدىڭ.

ئوغلۇم، ئادەمدە ھەرقانداق بىرئىشقا نىسبەتەن قىممەت قارىشى بولمىسا بولمايدۇ، قىممەت قارىشى بولمىغان ئادەم ھەيكەلگە ئوخشاپ قالىدۇ. قىممەت قارىشى بولمىغان ئادەمدىن قىممىتى بار نەتىجە، ئۇتۇق بارلىققا كەلمەيدۇ، قىممەتلىك پىكىر، تەجرىبىمۇ يارالمايدۇ. پۇل تېپىش، پۇل خەجلەش كىشىلىك تۇرمۇش رىقابىتىدىكى ئاددىي تەرتىپ، ئەمما ئۇنىڭ جەريانى ۋە يولى بەك كەڭ، مۇساپىسى بەك ئۇزاق. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ياشاش دەۋرىدە پۇلنى تېپىش، خەجلەشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك، شۇنداق قىلالمىساڭ، قولۇڭغا كىرگەن پۇلنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ شۇ چاغدىكى قىممىتىڭنى نامايان قىلالمايسەن! باشقا بالىلارمۇ دەل ساڭا ئوخشاش قىلالىسا ئىدى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۇنجى قەدەمنى

ياخشى بېسىشقا ئۆل هازىرلىغان بولاتتى. ئەمما، بىزنىڭ باللىرىمىز ۋە ئاتا-ئانىلىرىمىز بۇنى قىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلىشقا تىرىشسا دېگەن ئۈمىدتە مەن!

ئوغلۇم، بىلگىنكى، ئادەمنىڭ كۆزى تويمىسا، قولى تويمايدۇ، قورسىقىمۇ تويمايدۇ، كۆزى تويمىغان ئادەمنىڭ دىلىمۇ تويمايدۇ، قەلبى نۇرلۇق بولمايدۇ. باللىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ كۆزىنى تويغۇزۇشنى بىلمەيۋاتقانلىقىدا. ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن بالىدىن ئەزىز هېچ نەرسە يوق، ئەمما ئۇلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئېغىر مەجبۇرىيەتنىڭ زىممىمىزدە ئىكەنلىكىنى بىلمەي كېلىۋاتقانلىقىمىزدىن قانچىلىك نادانلىقىمىز چىقىپ تۇرىدۇ!

بۇ نادانلىقنى قاچان، قانداق تۈگىتىمىز؟ بۇ بىزدىن ئېشىپ قالسا، سىلەر تۈگىتىدىغان ۋەزىپە. چۈنكى، سىلەر بىزدىن ئەقىللىق، مەدەنىيەتلىك چوڭ بولىسىلەر!



# پاراسەت ۋە پەزىلەت



ئوغلۇم، ئادەمدە ھەقىقىي تۇردىكى بىر خىل پاراسەت ۋە پەزىلەت بولۇشى كېرەك. بۇ ئىككىسىدىن بىرسى كەم بولۇپ قالسا بولمايدۇ، چۈنكى بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ ياكى قىلساڭ، ئويلىغىنىڭدەك ياكى كىشىلەرگە ياققۇدەك نەتىجە بېرىشى ناتايىن. جاسارەتنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىدىيىۋى كۈچ، ئۇنى نەدىندۇر تېپىۋالغىلى، ساتقىلى ۋە سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، پەزىلەتمۇ شۇنداق، ئۇ ئادەمدە تەدرىجىي يېتىلىدۇ ۋە تاكامۇللىشىپ بارىدۇ. مۇھىمى ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك، ئىشلىتىشنى بىلمىسە، ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئىشلەتكەندىمۇ مۇۋاپىق، دەل جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك، قالايمىقان ئىشلىتىلسە، نەتىجىسىمۇ ياخشى بولمايدۇ، تەسىرىنىڭ ياخشى بولۇشىدىنمۇ ئېغىز ئېچىش تەس. پەزىلەتلا بولۇپ جاسارەت بولمىسىمۇ، ئادەمگە بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق چاپلىشىۋالغاندەك

هالەت شەكىللىنىدۇ.

ئوغلۇم، سەندە كۆپ خىل پەزىلەت بار، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە جاسارەت ۋە قەتئىي ئىرادىمۇ بار. سەندىكى پەزىلەتكە سەمىمىيلىك، ھەققانىيلىق، راستچىللىق، كۆيۈمچانلىق، قىزغىنلىق، كەڭ قورساقلىق مۇجەسسەملەشكەن؛ جاسارەتكە بولسا، بەرداشلىق بېرىش روھى، داۋاملاشتۇرۇش، يانماسلىق، سەۋرچانلىق، تەمكىنلىك ۋە ئادەم ئويلىمىغان تەدبىرچانلىق جەملەنگەن.

سەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقمىدىغان يىلى نۇرغۇن كىشىلەر بىزگە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەجرىبە سىنىپىدا ئوقۇتۇش توغرۇلۇق تەكلىپ بېرىشتى، مېنىڭ خىيالىمغىمۇ شۇ كىرىۋالغانىدى. ئۇ چاغدا، قانداقتۇر سېنى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش خىيالى ۋە ئۈمىدى يوق ئىدى. شۇ يىللاردا تەجرىبە سىنىپتا ئوقۇتۇش ۋە شۇنى كۆزلەپ ئوقۇش قىزغىنلىقى تۇغۇلغانىدى.

— نەدە ئوقۇسام مەيلىغۇ؟ مۇھىمى ياخشى ئوقۇساملا بولىدىغۇ؟ ياخشى ئوقۇش ئورنىغا ئۆزىنى رەڭ-بوياق بىلەن بويىغانلىقنىڭ پايدىسى بارمۇ؟ مەن سورۇشتە قىلىپ كۆردۈم، ئوقۇيمەن دېسەملا، دەرھال ئېتىبار بىلەن قوبۇل قىلىدىكەن، لېكىن سىلەر شۇنچە كۆپ پۇل تۆلەيدىكەنسىلەر. شۇ پۇلنى تېجەپ، كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇمغا ئىشلەتسەڭلار مىكىن دەيمەن!

بۇ سېنىڭ تەشەببۇسۇڭ بولۇپ، گېپىڭنىڭ خېلى جېنى بار ئىدى. بىز كېيىن ئويلىنىپ، ئەتراپلىق مەسلىھەتلىشىپ، كاللاڭنىڭ شۇقەدەر جانلىق ئىشلىگەنلىكىدىن بەكلا سۆيۈندۇق.

بەزى بالىلارنىڭ بىر-بىرىدىن بەس تالىشىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولمىغان ھالدا ئارتۇق تەلەپ قويۇشى، ئىشنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالى، ئىرادىسى ۋە ئوقۇش نەتىجىسىدىن كۆرمەي، ئاتا-ئانىسىنىڭ شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرمىگەنلىكىدىن كۆرۈپ قاقشاشلىرى ئالدىدا سىنىپنىڭ بۇ تەكلىپنى قويۇشۇڭ بەكمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى.

— كەلگۈسىدە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈپ قالساڭ، خەنزۇ تىلىدىن قىيىنىلىدىغانسەن، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ — دېۋىدۇق، سەن:

— مەيلى قايسى سىنىپتا ئوقۇي، بىلمىگەننى ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ. يالغۇز خەنزۇچىنى بىلىش بىلەن ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇغىلى بولمايدۇ، دەرسنى ھەممە مەكتەپتە بىر تۇتاش تۈزۈلگەن دەرس مېتودى ۋە مىقدارى بويىچە ئۆتىدۇ، ئۆگەنمىسە ئوخشاشلا بىلمەيدىغان گەپ. تەجرىبە سىنىپتىمۇ بىركىم مېڭەمگە قۇيۇپ قويمايدۇ، — دېدىڭ.

بۇ گېپىڭنىڭ ئاساسى بار ئىدى. كىم ھەممە نەرسىنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا بىلىپ تۇغۇلغان، كىمنىڭ دىلىغا بىلىمنى بىراۋ سىرتتىن بىۋاسىتە تۆكۈپ قويغان؟ ھەرقانداق نەرسە ئادەمگە تەدرىجىي سىڭىدۇ، تەدرىجىي ئۆگىنىش ئارقىلىق توپلىنىپ، ئاخىرىدا تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. سەن تەجرىبە سىنىپتا ئوقۇساڭ ئۈچ يىلدا ئاز دېگەندە 10 مىڭ يۈەننىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقمىساق بولمايتتى، نۆۋەتتە يەنە بىر نەرسىنى دەپ قويااي، بىر بالىنىڭ ياخشى ئوقۇشى ۋە بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بۇنداق 10 مىڭ يۈەندىن نەچچە ئوننى سەرپ قىلسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ، ئەمما ھە دېگەندە ئۇنداق ئىسراپچىلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ بىر بالا ئۆزىنىڭ پاراستىگە ۋە

جاسارىتىگە، پەزىلەت ۋە سەممىيىتىگە تايىنىپ، ئاتا-ئانىسىنى شۇنچىلىك چىقىمدىن تېجەپ قالسا، ئۇ پۇلنى كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشى ۋە ئىجادىيىتى ئۈچۈن تېجەپ بەرگەن بولىدۇ، مۆرىتىدە ئاشۇ پۇل ئۇنىڭغا قانات ياكى شوتا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىلغىدا گۆش بولسا هامان بىر كۈنى مېهمانغا يارايدۇ-دە؟! تۆلەنگەن پۇلغا لايىق ئوقۇمىغان بالىنىڭ دەردى، پۇلنىڭ دەردى ئاتا-ئانىلارغا قانچىلىك ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى دېمەيلا قويايلى!

بەزىلەر، بولۇپمۇ مەن بىلەن ئوبدان ئۆتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر، ساڭا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئادەتتىكى سىنىپتا ئوقۇشۇڭنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمىدى، مەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تەجرىبە سىنىپلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باقتىم، شۇ مەكتەپتىكى دوستلىرىممۇ ماڭا ھەقىقىي گەپنى قىلىپ، بالاڭ ياخشى ئوقۇغان بولسا، بۇ يەرگە بىكاردىن پۇلنى دەسمىي سېلىپ بەرمىگىن دېدى. دەل ئاشۇ كۈنلەردە بىر نەۋرە ئاكاڭ ئەكبەرجانمۇ ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئالمىشىپ، شەھەرلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش قارارىغا كەلدى. مەن ھېلىقى سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويسام بولمايتتى، خۇددى سەن مېنىڭ كۆڭلۇمدىكىنى بىلگەندەكلا، ئادەتتىكى سىنىپتا ئوقۇش تەلىپىدە چىڭ تۇردۇڭ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆز ئىقتىدارىڭ بىلەن ئادەتتىكى مەكتەپتە ئوقۇساڭ، بىرسى، نەتىجەڭگە تايىنىپ ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئىگە بولالايتتىڭ، يەنە بىرسى، مەكتەپتە شان-شەرەپ ئىگىسىگە ئايلىنىپ، ئالىغا بېسىشىڭ ئۈچۈن ئىلھام-مەدەت خۇرۇچىغا ئېرىشەتتىڭ، بۇ تېخىمۇ ياخشى ئوقۇپ، يۇقىرى ئۆرلىشىڭ ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

بىر بالىنىڭ مۇشۇنچىلىك ئەقىل تاپمىقى ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن بالىلار ئۆزىدىن كۆرمەي، ھەممىشە

ئاتا-ئانىسىنىڭ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرمىگەنلىكىدىن رەنجىيدۇ، ئاتا-ئانىسىدىن نارازى بولۇپ، ئوقۇشتىن چېكىنىپ كېتىدۇ. بۇ بىر خىل يارىماسلىق ۋە بوشاڭلىق بولۇپ، ئۇنداق بالىلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى، ئەقىلسىزلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس. بۇنداق بالىلار ئاتا-ئانىسىغا يۈك بولۇپلا قالماي، جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ يۈككە ئايلىنىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ چىقىش يولى تاپالىشى ناتايىن. بۇنداقلار چوقۇمكى ياشاش ئىقتىدارى تۆۋەن، يېرىم-يارتا، بېقىنىۋېلىش، يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسى كۈچلۈك، بېقىنىپ ياشىمىسا جان باقالمايدىغان ئاق نانچى، مىشچان، ۋىجدانى يوق ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئوغلۇم ھەرقانداق ئىش ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، بىرىلىپ ئىشلەيدىغان ۋە بېرىلىپ تەتقىق قىلىدىغان، ئەمەلىيەتچىلىكى كۈچلۈك بىر خىل روھنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ قول سېلىپ ئورۇندىشىڭ، ئىقتىدارىڭنى سىناپ كۆرۈشۈڭ كېرەك، بولمىسا خىيالپەرەسكە ئايلىنىسەن-دە، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسەن. سەن دەل مۇشۇنداق ئەمەلىي ئىش قىلىدىڭ، قىلىمەن دېگەننى ئەمەلدە كۆرسەتتىڭ، ھەر ئاخشىمى كۆزۈڭدىكى ئۇيقۇنى نېرى قوغلاپ ئۆگەندىڭ، مەشىق قىلدىڭ. كىمدۇر بىرى: شۇنداق تىرىشچان بالىنى تەجرىبە سىنىپتا ئوقۇتمىدىڭلار، ھەي، يېرىم-يارتا ئادەم بولۇپ قالىدىغان بولدى، دېيىشىدۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆلۈپ قويدۇڭ، مەن دەرھال رەددىيە بەردىم. ئەينى يىللاردا مېنى دادام چىداپ ئوقۇتسا، نۇرغۇن كىشىلەر «جىگدە شېخىدىن بادرا چىقماس، دېھقاندىن كادىر چىقماس» دېگەنىدى. ئەمما، مەن دېھقاننىڭ بالىسى بولساممۇ، كادىر بولدۇم، يەنە كېلىپ ۋىلايەت دەرىجىلىك

گېزىتنىڭ مۇھەررىر، مۇخبىرى بولدۇم، ھەرقانداق ئىش ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، كىشىلەرنىڭ دېگىنىنى ھېساب ئەمەس. ئەينى يىللاردا مەن مۇشۇنداق ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن بارلىقىمنى ئاتىغان، مۇشۇنداق بىر نەتىجىنىڭ يارىلىشى ئۈچۈن بارلىق زېھنىم، كۈچۈم، ۋاقتىمنى ئايىمىغان. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇمىغان بولساممۇ، مەن كۆرمىگەن كىتاب قالمىغان، تولا ۋاقتىمنى ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن قۇربان قىلغانىدىم. ئېتىزنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش، قوشۇمچە تىجارەت قىلىش، ئۆينىڭ ئىشلىرىدىن ئېشىنىپ ئاشپۇزۇللاردا ئىشلەپ قوشۇمچە پۇل تېپىپ، كىتاب سېتىۋېلىش، كالا-قوي باققاچ ئۆگىنىش بىلەن بەند بولغانىدىم، قانچە قېتىملاپ كىملەر بىلەندۇر سوقۇشقان، ئۇلارنى قايىل قىلالماي يىغلاپ كەتكەنلىرىمچۇ تېخى! مەن ئىستىقبال تاڭلىرىنى ئەنە شۇنداق ياراتتىم، كۈتمىگەن يەردىن تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ مۇخبىر بولۇپ، تارىخنىڭ ماڭا تەقدىم ئەتكەن پۇرسەتلىرىدىن تېگىشلىك قەدىر-قىممىتىمنى تاپتىم. بۇ مېنىڭ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلىرىمنىڭ نەتىجىسى ۋە ئۇتۇقى، ئەلۋەتتە. ئادەم بىر ئىشقا بېرىلسە، بەجاندىل قىلىشقا بەل باغلىسا، ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگەنسە، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا يۇرۇشۇپ كېتىدۇ، مۇبادا مۇشۇنداق جاسارەت ۋە بەجاندىل بېرىلىش روھى بولمىسا، باشقىلارنىڭ ھەرقانچە ھەيدەكچىلىك قىلغىنى، شارائىت يارىتىپ بەرگىنى بىكار. مانا بۈگۈن بۇ خىل جاسارەت مېنىڭدىن ھالقىپ ساڭا نېسىپ بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، نۇرغۇن بەدەل تۆلىشىڭگە توغرا كېلىدۇ. مەكتەپتىن كېلىپلا دەرس تەكرارلاش بىلەن بولۇپ كېتىشىڭ، ھەرقانداق كۈننىڭ ئۆگىيى يوق ھالدا مەشىق

قىلىشىڭ مېنى قايىل قىلدى، ئاناڭنى ۋە بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلارنى سۆيۈندۈردى، دادام: ئابدۇسالامجان ساڭا ئوخشاش بىر ئىشقا چىڭ ئىكەن، كىچىككىدىن بۇنداق چىڭ بالا ۋىجدانلىق كېلىدۇ، ئۆگىنىشتە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇق قازىنىدۇ، بۇ كۆڭلۈمگە ئايان، بۇ بالا چوقۇم شۆھرەتلىك ئادەم بولىدۇ، ئۆگىنىشتە بەئەينى سېنى دوراپتۇ، سەنمۇ توسقىنىمىزغا ئۇنىماي ئۆگىنەتتىڭ، دەپ ماختىغانىدى.

ئوغلۇم، ئۈچ يىلنى شۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن تۈگەتتىڭ، دېگىنىڭنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ، بەلكى ئىشىڭ دېگىنىڭدىن كۆپ ۋە ئەھمىيەتلىك بولدى، سەن ئۆگىنىش ۋە باشقا جەھەتتە ئۇتۇپ چىقتىڭ. بىزگە نۇرغۇن ئىقتىسادىي چىقىمنى تېجەپ بەردىڭ. 2003-يىللىق ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنىڭ ئىمتىھانىدا ئاساسلىق ئالتە پەندىن 687 نومۇر، تەنتەربىيىدىن 42 نومۇر ئېلىپ، قەشقەر شەھىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدىڭ، نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇل تۆلەپ ئوقۇغان تەجرىبە سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نومۇرى 600 ئەتراپىدا بولدى. ھەقىقىي تىرىشچانلىق بىلەن شەكلەن زورۇققانلىقنىڭ پەرقى مانا مۇشۇ يەردە ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئەمدى سەن يەنە تۆت يىل شاڭخەيدە ــ نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراق جايدا ئوقۇيسەن، ئوقۇش چىقىمىڭ شۇنچىلىك ئازكى، بىز ھەر يىلى تۆلەيدىغان 900 يۈەن يول كىراسىغىمۇ يەتمەيدۇ. ئاڭلىسام، ھۆكۈمەت يەنە ئالىي مەكتەپنى پۇتكۈزگۈچە ئارىلىقتىكى بارلىق چىقىملىرىڭنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان بوپتۇ. بۇ ئاجايىپ چوڭ بەخت، بىزگە ــ ئاتا-ئانىلارغا نىسبەتەن كىچىك ئىش ئەمەس، تىرىشچانلىقىڭ ئارقىلىق زىممىمىزدىكى ناھايىتى ئېغىر يۈكنى يوق قىلدىڭ! بۇنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك،

قانچىلىك چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى سەن دەماللىقا ھېس قىلالمايسەن. شۇتاپتا بىر قىسىم باللار ئاتا-ئانىسىغا يۆلىنىپ قالىدۇ. سەن بولسا ئىگە-چاقىسىز ھالغا چۈشۈپ قالىسەن... ئاتا-ئانىسىنى سېغىنىپ كالا قىلىۋېلىشۋاتىدۇ. ئاتا-ئانا بولغان گۇناھمۇ؟ سەن قىلالىغاننى ئاشۇ باللارمۇ قىلالايدىغۇ؟ ئۇلارنىڭ ھېچ يېرى سەندىن كەم ئەمەسقۇ. مەن ئۇلارنىڭ «ساغىنچى» ئەمەس، «سېغىنىشى» بولۇشىنى، يەنى ساڭا ئوخشاش ئاتا-ئانىسىنىڭ سېغىنىپ پايدىلىنىدىغان «سېغىن كالىسى» بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن-ھە!

ئوغلۇم، بەزى ئىشلارغا بەك ھەيران بولۇپ كەتمە. جاھاننىڭ ئىشلىرى بەزىدە تەتۈر، بەزىدە ئوڭ بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ مەلۇم دەۋرى ۋە باسقۇچى بار، نېمىشقا دېسەڭ، پۇرسەت دائىم كېلىدىغان نەرسە ئەمەس، شۇڭا بىر تارىخىي پۇرسەت ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلسە ۋە كېلىش ئېھتىمالى بولسا ئۇنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە چوقۇم ئالدىغا چىقىش كېرەك. پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى ھامان ئوڭ، نەتىجىلىك بولىدۇ، پۇرسەت ئادەمگە بەخت، ئىقبالغا ئېرىشىش، نەتىجە ۋە ئۇتۇق قازىنىشنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساڭ، قايتا كەلمەيدۇ، قايتا كەلگەن چاغدا ئاللىقاچان كېچىكىسەن، بويۇڭ يەتمەس نەرسە بولۇپ قالىدۇ. بىزدە نۇرغۇن ئادەم پۇرسەتكە سەل قاراپ زىيان تارتىدۇ ياكى قولغا كەلتۈرىدىغان ئامەتنى بىكاردىنلا قولدىن بېرىپ قويىدۇ. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلىرىمىز ۋە بالىلىرىمىزغا نىسبەتەن ئېيتساق، ساڭا ئوخشاش ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىر تارىخىي پۇرسەت بار، بۇنىڭدىن ساڭا ئوخشاش ئالدىدا مېڭىپ پايدىلىنىشنى

بىلگەندە، نۇرغۇن قىيىنچىلىق، دىل ئاغرىقى تۈگەيدۇ، بەزىلەرنى كىملەردۇر پۇرسەتپەرەس دەپ ئەيىبلەيدۇ، قارىماققا بۇ بىر خىل سەلبىي گەپتەك قىلىدۇ، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە بۇنى سەلبىي گەپ، سەلبىي ھەرىكەت دېسەك تازا ئاقىلانىلىك بولمايدۇ. راست، بەزىلەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ھوقۇق-ئىمتىيازغا ئىگە بولىدۇ. ئەمما، بۇنىمۇ يامان دېگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، نېمىشقا دېسەڭ، زامان ۋە ئىجتىمائىيەت شۇ خىل كىشىلەرنى بىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىدۇ. زامان قوبۇل قىلغان ئىشنى ماكان نېمە قىلالايدۇ؟ ھوقۇق كۆرۈشى قىلىدىغان كىشىلەر دەل مۇشۇ خىل پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن كىشىلەر ئىجابىي پايدىلىنىشنى بىلگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ بىر خىل سەنئەت ۋە بىر خىل ئىقتىدار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. سەن كەلگەن پۇرسەتنى تۇتتۇڭ، بولۇپمۇ سىياسەتنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىشنى بىلدىڭ. بۇ نېمىدىن كەلدى؟ سېنىڭ بېرىلىپ ئۆگىنىشىڭ، قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىشىڭنىڭ نەتىجىسىدىن كەلدى دېسەك توغرا بولىدۇ. مەيلى سەن قايسى جايدا بولغىنكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلىپ ئۆتكىن، ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن بەھرە ئېلىشنى ئۆگىنىپ ياشىغىن!

# ئىناق ئائىلە، بەختلىك بالا

ئوغلۇم، ساڭا كۆپ نەرسىلەرنى تاپىلاشنىڭ ئورنى يوق، ھېكايە سۆزلەشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق. بىزنىڭ ئائىلىدە سەن چوقۇنۇپ خۇش بولىدىغان ئىشنىڭ قايسىلىقىنى مەن ئانچە بىلمەيمەن، ئويلىسام، مۇشۇ ئىشنى پەقەت تەتقىق قىلىپ باقماپتىمەن، دىققەت نەزىرىمنى ئاغدۇرۇپ كۆرمەپتىمەن، ئەمما مەن ئائىلىمىزدە خۇشال بولىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس، مەن سەن ئۈچۈن، بەلكى ھەرقانداق بىر بالا ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان بىر ئىش بار دەپ قارايمەن، ئۇ بولسىمۇ مەن بىلەن ئاناڭنىڭ، بىز بىلەن سىلەرنىڭ، سەن بىلەن ئىنىلىرىڭنىڭ ئىناق، ئىجىل ئۆتىدىغانلىقى ۋە ئۆزئارا كۆيۈمچانلىق بىلەن ياشاش، مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش پوزىتسىيىسىدۇر. بۇ سېنىڭ ۋە پۈتۈن ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، سىلەرنىڭ ياخشى ئوقۇشۇڭلارنىڭ مۇھىم بىر مەنىۋى ئاساسى ۋە كاپالىتى. مەيلى نەدە بولايلى، خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بولمايدىكەن، ئىش ئىشتەك، نەتىجە نەتىجىدەك، تۇرمۇش تۇرمۇشتەك بولمايدۇ.

بىزنىڭ ئائىلىدە، ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە تۇرمۇشىمىز توغرىسىدىكى قارىشىمىز ئاساسەن بىردەك ھەم بىر يەردىن چىقىدۇ. بىزنىڭ كۆز قارىشىمىز ۋە قىممەت قارىشىمىزنىڭ بىردەك بولۇشى، بىر يەردىن چىقىشى، بىردەك ئىدىيە، بىردەك قاراشقا ئىگە بولۇشىمىز ئىناقلىقىمىزغا ئاساس

سالغان ئاساسي تەرەپ؛ كىشىلىك قاراش، ئەخلاق، ئىجتىمائىي كەيپىيات، جەمئىيەت كەيپىياتى، سىياسىي كەيپىيات، كەسىپ چۈشەنچىسىدىكى روشەنلىك قاتارلىقلارمۇ ئىدىيىۋى ھالىتىمىزنى ھامان بىر يىپقا تىزىپ تۇرىدۇ. بۇ ئاخىر بېرىپ، مەسىلىلەرگە بولغان ئەتراپلىق قارىشىمىزنى، توغرا مۇئامىلىمىزنى شەكىللەندۈردى، ئۇ يەنە بىزنى زۆرۈر تېپىلغاندا خاتا نەرسىلەرنىمۇ قوبۇل قىلىپ، مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا ئۈندەپ، باشقىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىنى ئۆرنەك قىلىش سەزگۈمىزنى ئاشۇرۇپ، ئائىلىنىڭ بىرلىكىنى ئىزچىل قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ كەلدى.

سىلەرگە بولغان قارىشىمىزنىڭ بىردەكلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ. بۇ ئومۇمىي جەھەتتىن بارلىقىمىزنى ئاتاپ، سىلەرنى جەمئىيەت بىلەن تەڭ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدىغان يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەقسىتىمىزنى گەۋدىلەندۈردى. بۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەرگە تىنچ، خاتىرجەم ئائىلە مۇھىتى، قولاي، مۇنتىزىم ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بېرىش زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ بالا تەربىيىسىدىكى رولىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى، ئەھمىيىتىنىڭ نەقەدەر زورلۇقىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

ئوغلۇم، شۇتاپتا بىرسى ئېسىمگە كېلىپ قېلىۋاتىدۇ، ھازىرچە ئۇنى پالانى دەپ بېرەلمەيمەن، ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ ئۆزۈڭ تونۇۋال؛ ئۇ كىم بولسۇن، مېنىڭ كەمسىتىش، چۈۋۈتقىسىنى چۈۋۈش غەرىزىم يوق. بىراق، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەت، بۇنى لايىقىدا يەكۈنلەش، تەجرىبە-ساۋاق قىلىپ پايدىلىنىش تولىمۇ زۆرۈر.

ھېلىقى ئائىلىدە بەش-ئالتە نوپۇس بار، ئىككى ئادەم دۆلەت خىزمەتچىسى، ئۇلارنى ئىلمىي ئادەملەر جۈملىسىدىن دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا دېھقاندىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى تۇرمۇش پاراغىتىگە ئىگە، تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدىن يىراق. مىڭ ئەپسۇسكى، بۇ ئائىلىدە جېدەل قۇرۇماسلىق تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭغا كۆلۈپ كەتمە، ھەر ھالدا مەن شۇنداق يەكۈنلىدىم، بۇ قىلچە ئاشۇرۇۋېتكەنلىك بولمايدۇ. ئەر ھەر كۈنى ھاراق ئىچىدۇ، كۈندە ئىچمىگەندىمۇ، قولىغا پۇل كىرسە ياكى قەرز قىلغان پۇللىرىنى قايتۇرۇپ بولغان كۈنىلا يەنە قەرزگە (نېسىگە) ھاراق ئىچىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 30 نەچچە يىللىق خىزمەت ھاياتىدا قانچىلىك پۇل يىغقانلىقىدىن، قانچىلىك ھاياتلىق ئىزناسى قالدۇرغانلىقىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئائىلىسى، خوتۇن-بالىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يۇرتداش-خىزمەت-داشلىرىغا قانچىلىك ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىدىن سۆز ئېچىشقا راستىنىلا تىلىم كۆيىدۇ، بىرلا جۈملىگە يىغىنچاقلىسام، ئۇ تونۇيدىغان ئادەملەردىن قاقشاتمىغان بىرمۇ ئادەم يوق!

ئوغلۇم، ئەمدى ساڭا ئۇنىڭ بالىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي: بۇنىڭدىن ئۈچ قىز، بىر ئوغۇلنىڭ قانداق ئادەم بولغانلىقىنى ھېس قىلىسەن، قىزلىرىنىڭ بىرسى ھەر ھالدا چوڭ دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ياخشى ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە كىردى، يەنە بىر قىزى بىلەن ئوغلى ھېلى ئۇ مەكتەپكە، ھېلى بۇ مەكتەپكە يۆتكىلىپ ياخشى ئوقۇمىدى. يەنە بىرسىنىڭ ئوقۇشىمۇ بەك ناچار بولغانلىقتىن، مەكتەپتىن قېچىپ يۈرۈپ ئاخىر بوشىنىۋالدى، لىللا گەپنى ئېيتساق، ئۇلارمۇ ياخشى تۇرمۇش، ياخشى ئائىلە، ئىناق ئائىلىۋى مۇھىتتىن بەھرىمەن

بولغان بولسا ئاچىسىغا ئوخشاش ياخشى ئوقۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئائىلىدە ئاتا بىلەن ئانا ھەر كۈنى جېدەل قىلىش، بىر-بىرىگە باتناش، يول قويۇشماي دەتالاش قىلىش نەتىجىسىدە بالىلارنىڭ تۇرمۇشىغا سەل قارىدى، ئۇلارنى تاشلاپ قويۇش تۇپەيلى شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى ۋە بالىلار ئارىسىدا بەك چوڭ پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بالىلارنىڭ بەختىگە ئولتۇردى. بۇنىڭغا كىم جاۋابكار؟ ئەلۋەتتە، ئاتا بىلەن ئانا! ھەي... ئائىلىنىڭ پاراكەندىچىلىكى بالىلارغا ئۇۋاللىق كەلتۈرمىسە بولاتتىغۇ؟! ئەسلىدە ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى چوقۇم ياخشى ئادا قىلىشى ۋە بالا يۈزى كۆرۈشنىڭ ئالدىدا مۇشۇ خىل ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشى، يەنى بالىلىق بولۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ئائىلىۋى تۇرمۇش بالىلارغا بىر ئۆمۈر پالاكەت كەلتۈرىدۇ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پۇچەك، چاكىنا، ئىقتىدارسىز، مەدەنىيەتسىز، ئەخلاقسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يىرگىنچلىك ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىشقا تىلىم كۆيىدۇ.

ئوغلۇم، ئەسلىي گەپكە كەلسەم، ئاناڭ بىلەن ئائىلىدە شۇنداق ئىناق ئۆتتۇق، ئىناق بولمىغان چاغلار سەن تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىدا تۇگەپ كەتكەن بولسا كېرەك. سەن تۇغۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئەس-يادىمىز سەن بىلەن، سېنى بېقىش بىلەن بولۇپ كەتتۇق. ئويلىسام، ئائىلىدە بىرەر قېتىممۇ چوڭ غەلۋە-زىددىيەت بولۇپ باقماپتۇ، سەن چوڭ بولغاندىن كېيىن بولسا سەندىن تەپ تارتتۇق دېگەندىن كۆرە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە دەپ، سېنىڭ روھىي دۇنياھىڭنى مالىمان قىلىدىغان

ئىش، دەتالاشلارنى ئاشكارا قىلىپ باقمىدۇق.

سەنمۇ ئاز-تولا بىلىسەن، بىر ئائىلىدە ئۇنداق ياكى مۇنداق دەتالاش دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق، ئاناڭ چېچىلغان چاغلاردا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، مەن ئاچچىلانغان چاغلاردا ئاناڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، بۇنداق دەتالاشمۇ سەن يوق جايدا، ساڭا بىلىندۇرمەي بولدى دېسەم ھەرگىز يالغانچىلىق قىلغان بولمايمەن. بىز كۆپ ھاللاردا بىر-بىرىمىزگە چۈشەنچە بېرىش، قايىل قىلىش، ھەقىقىي ئىشنى سۆزلەپ پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق زىددىيەتنى ھەل قىلىپ كەلدۇق. سېنىڭ ۋە ئۇكىلىرىڭنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلاندۇق. ساڭا گەپ قىلىش زۆرۈر بولغاندا، چىرايلىق دېدىم؛ مەن دېيىشكە مۇناسىپ كەلمەيدىغان گەپلەرنى ئاناڭ ئۇقتۇردى. سىلەرنى باشقۇرۇشقا ئۆزۈمنى ئۇرۇپ كەتمىدىم، سەۋەبى ئاناڭ باشقۇرسا، ئارىلىقتا پەردىشەپ بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم، شۇڭا سىلەرنى ئاناڭ بىر قوللۇق باشقۇردى، ئاناڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئارىلىشىۋالمىدىم، ھەتتا ئاناڭ قول تەگكۈزۈپ سالغان چاغلاردىمۇ سىلەرگە كۆڭۈل قويىدىغان ئىشنى قىلمىدىم. سىلەر سەۋەنلىك سادىر قىلغان چاغلاردا، ئاناڭلارنىڭ تەنبىھىدىن يىراق تۇردۇم، چۈنكى سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار، خۇيۇڭلار ماڭا بەكمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى.

ئوغلۇم، مۇشۇ ئىشلار سېنىڭ ياخشى ئۆگىنىشىڭ، تىرىشىپ ئوقۇشۇڭ، يارامىلىق بالا بولۇشۇڭغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى، كونىلاردا «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى» دېگەن گەپ بار، ئىللىق ئائىلىنىڭ تەسىرى بالىلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن شۇڭا ئائىلىمىزنى بەختلىك، ئىللىق، ھەقىقىي كۆيۈملۈك ئائىلە دەپ قارايمەن. ئىناقلىق بىزنى بەختىيار قىلدى، سېنىڭ نەتىجەڭ دەل بىزنىڭ ئائىلە بەختىمىزنىڭ ئاساسى. شۇنىڭ

ئۈچۈن، ئۆزىمىزدىن، ئائىلىمىزدىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە!

ئوغلۇم، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ بىر مۇھىم ھۈجەيرىسى، شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، بىز ئەنە شۇ نۇقتىنى ئايلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىپ ياشايمىز، ئۆمرىمىزنىڭ $\frac{3}{4}$ قىسمى شۇ ئائىلىدە ئۆتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىناق ئائىلە ئەڭ بەختلىك ئائىلىدۇر (مۇبادا ئۇ ئەڭ نامرات بولسىمۇ)، دەل ئاشۇنداق بەختلىك ئائىلە شۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ كېلەچەك بەختىنى يارىتىدۇ، بولۇپمۇ شۇ ئائىلىدىكى بالىلارنىڭ بەختلىك بولۇشى، ياراملىق، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، كۆيۈملۈك بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەتنى مەن بىزنىڭ ئائىلىدىن كۆردۈم، سەنمۇ ھەم بۇ خىل بەختنى بىزنىڭ مۇشۇ ئائىلىمىزدىن تېتىدىڭ!

مەن پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئائىلىلەرنىڭ ئىناق، بەختىيار بولۇشىنى تىلەيمەن، كەلگۈسىدە سىلەرنىڭمۇ شۇنداق بىر گۈزەل ئائىلىنى يارىتقۇچىلاردىن بولۇپ قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىمەن!



# بۇرچ بىلەن ۋەدە

ئوغلۇم، سېنىڭ سەممىيىتىڭ بىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى، بىز بۇنىڭدىن بەكلا سۆيۈنەتتۇق. سەن كۆپ ھاللاردا ھەرقانداق بىر ئىش ياكى گەپنى ئىمكان بار ئۇدۇللا قىلىشقا تىرىشاتتىڭ، بۇ يەردە يەنە بىر خۇسۇسىيىتىڭنىمۇ دەپ قوياي: سەن تېخى گەپ-سۆزدە بىر خىل نازۇكلۇق، ئىلمىيلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتىڭ، ئەدەپسىزلىك دەپ قارىغان ياكى دەمال دېيىشكە بولمايدىغان گەپلەرنى شۇ قەدەر كۆڭۈل ئاياش بىلەن، پۇرسىتىنى تېپىپ قىلاتتىڭ ۋەياكى باشقىلارغا دېيىش، چاقچاقتا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ ئادەمنى قايىل قىلاتتىڭ، ئويلاندۇرۇپ قوياتتىڭ، ئاخىرىدا بىزنى تۇزىتىشكە، ئىختىيارسىز تۈزىتىشكە مەجبۇر قىلىپ قوياتتىڭ. بۇ سېنىڭ مۇشۇ خىل ئىشلاردىكى بىر خىل ئارتۇقچىلىقىڭ ئىدى. بىراق، يەنە بىر يېتەرسىزلىكىڭ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ قېيداش بولۇپ، بىر باتىنۋالساڭ قانچە كۇنگىچە قاپىقىڭ ئېچىلماي دېمەيتتى. ئايرىم چاغلاردا توغرا بولمىغان كەيپىيات ۋە ھەرىكەتلەرگە دەرھال رەددىيە بېرەتتىڭ. ئويلىساق، نۇرغۇن ئىش-ھەرىكەتلىرىڭ، گەپ-سۆزلىرىڭ توغرا ئىدى. ھېلىقى قىسمەن تەرەپلىرىڭنى سەۋەنلىك دېگىلى بولمايتتى. بۇنداق ئىشلاردا ئىجابىي تەرەپلىرىڭ ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، بىز شۇ ئىشلارنى ھەقىقەتەن شۇنداق قىلمىساق

بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەتتۇق. بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى قانداق يېتىلدۈرگەنلىكىڭگە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئېنىقراق بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن، شۇنداقتىمۇ بىزدىكى بۇرچ تۇيغۇسى، لەۋزدە تۇرۇش خۇسۇسىيىتىمىز ساڭا «يۇقۇپ» شۇنداق خۇسۇسىيەت بارلىققا كەلگەن دېگەن يەكۈندىن ئۆزۈمنى قاچۇرالمايمەن.

ئاناڭ ئىككىمىز ئۆزئارا يول قويۇشقا ماھىر، بولۇپمۇ ئائىلە ئىشلىرىدا تەمكىن، مەسلەكداش. كىشىلىك تۇرمۇشقا كىرسىز قەلبىمىز، ساپ ئەقىدىمىز ۋە سەممىيىتىمىز بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىمىز. كىشىلەرگە ئىنساني تۇيغۇ، ئىنساني پەزىلەت، ئىنساني ئەدەپ-ئەخلاق، ئىنسانلىق قىممەت بىلەن ئۇدۇلغا باھا بېرىمىز، ھەتتا خاتا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزى توغرا دەپ قارايدىغان ئىشلىرىغىمۇ ئىلمي مۇئامىلە قىلىشنى بىلىمىز، بىراق، يەنە بىر نۇقتىدىن، كىملەرنىڭدۇر بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) قىلغان بولمىغۇر ئىشلىرى ئۇچۇن چىداپ تۇرالمايمىز، كۆرۈپلا قالساق، كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئەستايىدىل، تەكرار چۈشەنچە بېرىپ، يامان ئىش سادىر قىلىشتىن توسۇپ، يامان ئىش، يامان ھەرىكەتتىن قول ئۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىمىز... نەتىجىدە، شۇ بىر كىشىنىڭ شۇ بىر قېتىملىق ئىشى تۇپەيلىدىن باشقىلارغا يېتىدىغان زىيان، يامان تەسىرلىرىمۇ توسۇپ قېلىنىدۇ.

ئوغلۇم، مانا مۇشۇنداق بىرقاتار خۇسۇسىيەتلىرىمىز بىزنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىمىز، ئىناۋىتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ئاساسي ئامىل، چۈنكى ئىناۋىتى يوق ئادەم قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ئورنى ۋە كىشىلىك قىممىتى بولمايدۇ. بىزنىڭ قىممىتىمىزنى ئاشۇرغان

يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ، كەسپكە، ئۆگىنىشكە، كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن مۇھەببەتتۇر. بىز ھەمىشە بېرىلىپ ئۆگىنىمىز، تەتبىقلايمىز، بىرنى ئۆگەنسەك دەرھال ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، كاللىمىزنى ئىشقا سالىمىز، كەسپنى، خىزمەتنى چىن دىلىمىزدىن قەدىرلەيمىز، كەسىپ ۋە خىزمەتتە مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى تولۇق، ھەتتا ئاشۇرۇپ ئادا قىلىمىز. بىرەر ئىشنى قىلىشقا كىرىشسەك، يېرىم يولدا توختاپ قالمايمىز، بۇ بىزنىڭ ئىنسانىي بۇرچىمىز. بىزنى بىلىدىغان، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان كىشىلەر بىزگە ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، بىراق شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئادەم نۇقسانسىز، پۈتۈنلەي قۇسۇرسىز ئەمەس. ۋۇجۇدىمىزدا ئۆزىمىز ھېس قىلمىغان نۇرغۇن يېتەرسىزلىكىمىز بولۇشى مۇمكىن، بۇنى ئېتىراپ قىلمىساق، ئۆزىمىزنى چۈشەنمىگەن، ئۆزىمىزنى سۆيەلمىگەن ۋە ئۆزىمىزگە باھا بېرەلمىگەن بولۇپ قالىمىز. ئەمما، نۇرغۇن ساۋاقلار ۋە تەجرىبىلەر قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ خېلى توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. تۇرمۇشتا، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە خىزمەتتە قانداق قىلىش ۋە قانداق يول تۇتۇشنىمۇ بىلدۇق، ھەتتا بەزى ئىشلاردا تولىمۇ ئېھتىياتچان، ئېغىر-بېسىق، تەمكىن بولۇپمۇ قالدۇق. بۇرنىمىزغا سۇ كىرگەن ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. نېمىلا دېيىلى، ئۆتۈقىمىز ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ھال تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە ئاساسىي كۆرۈنۈشى بولغانلىقتىن، ئۇ سىېنىڭ گۆدەك قەلبىڭنىڭ، خۇسۇسىيەت يېتىلدۈرۈشۈڭنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالدى. سىېنىڭ يۇقىرىدا دېگەن خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكىڭنى دەل بىزنىڭ مانا شۇ خىل بۇرچ تۇيغۇمىزنىڭ تەسىرىدىن يېتىلگەن دەپ ھۆكۈم قىلساق خاتالاشمايمىز.

ئوغلۇم، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش بىزنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىمىز، ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ لەۋزىدە تۇرۇش ئادەمنىڭ سالاپىتىنى يۇكسەكلەشتۇرىدىغان بىر مەنىۋى كۇچ. ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەم قەدىرسىز، بىئەتىۋار بولۇپ قالىدۇ. ئوغلۇم، ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتتە ۋەدىگە ۋاپا قىلىش بىر مۇقەددەس ئىش بولۇپ كەلدى. ۋەدىمىز بويىچە، ھەرقايسى پەندىكى نەتىجەڭگە ئاساسەن مۇكاپاتلاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردۇق. مەزمۇنى ياخشى، يېشىڭغا ماس كېلىدىغان، تەبىئىي پەنگە ئائىت كىتابلارنى سېتىۋېلىشنى ۋە دەرسكە بىرلەشتۇرۇپ ئوقۇشۇڭنى تەۋسىيە قىلىپ كەلدۇق. تەتىللەردە ساياھەتكە ئاپىرىش ياكى ئەۋەتىش پىلانىمىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئورۇندىدۇق. ئائىلىنىڭ ئۇششاق-چۇششەك ئىشلىرىنى سېنىڭ پىكرىڭگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئۆزىمىز قىلىپ، ئوقۇشۇڭغا دەخلى قىلمىدۇق. يەنە تەجرىبە سايمانلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنى تەييارلاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭغا شارائىت ياراتتۇق. ھە دېگەندە مېھماندارچىلىق، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، بەزمە-مەشرەپلەرگە ئاپارمىدۇق. پەقەت مۇناسىپ ۋاقىت چىقسا، بىز تەشەببۇس قىلىپ، سېنىڭ خالىشىڭ بويىچە ئورتاق تونۇشقا كېلىپ رايىڭنى ئاساس قىلىپ ئىش قىلدۇق. مۇشۇ ئامىللار سېنىڭ ئۆزۈڭگە خاس ئىدىيە ۋە پىسخىك تۇراقلىق يېتىلدۇرۇشۇڭنى ماددىي ھەم مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇ يەنە سەندە بىر خىل ساغلام ھەرىكەت تۇيغۇسى تىكلەپ، كېلەچەك ئۇچۇن پۇختا قەدەم ئېلىشىڭ، ئىدىيەڭنى زاماننىڭ ۋە دەۋرنىڭ تەلىپى بويىچە تاۋلىشىڭغا تۇرتكە بولدى.

ئوغلۇم، بۇ يەردە ساڭا بىر گەپنى ئەسكەرتىپ قوياي،

كونىلاردا: «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دېيدىغان ھېكمەت بار، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە نۇرغۇن ئىشقا يولۇقسەن، ئىشلار تولا ھاللاردا ئويلىغىنىڭدەك، پىلانلىغىنىڭدەك بولمايدۇ، زامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا سەن ئۆزگىرىشچان زاماننىڭ ئېھتىياجىغا بېقىپ گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكىتىڭنى توغرىلاشنى بىلىشىڭ، سەگەك تۇرۇشۇڭ كېرەك، بۇ ھەرگىزمۇ زامان پەسكەش بولسا، سەنمۇ پەسكەش بول دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان زاماندا قانداق قىلىپ بولمىسۇن كېلەچىكىڭنى ياخشى يارىتىشىڭ، قەددىڭنى تىك تۇتۇپ ياشاش يولىنى تېپىشقا ماھىر بولۇشۇڭ كېرەك.

ئادەمگە ئالەم باقىي ئەمەس، ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرغىن، ھەرقانداق بىر ئىش ئادەمگە باقىي، ئەمما ئۇنى تاللاپ قىلىپ، ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چاقنات، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىڭنى مەنىلەرگە تولدۇرۇپ، ھاياتنىڭ بەختىيارلىقىنى ئىنسانلارغا ھەدىيە قىلىشنى بىل!



# ئاتا-ئانا مەدەتكار، ئوقۇتقۇچى يار-يۆلەك

ئوغلۇم، سېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش جەريانىدا توپلىغان يەنە بىر تەجرىبىمىز شۇكى، ھەرقانداق بالىنىڭ يارامىلىق ئەۋلاد بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن ئاتا-ئانا قوللاپ مەدەت بەرگۈچى، ئوقۇتقۇچى بولسا، ئالغا يېتەكلەپ ھەيدەكچىلىك قىلغۇچى، يار-يۆلەك بولغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بالىلارنى تەربىيىلەش ۋە يارامىلىق ئادەم قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. ساڭا ئايان، بىز ئائىلىدە بولسۇن، جەمئىيەتتە بولسۇن، مەكتەپ ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە بولسۇن، سېنى بىردەكلىك ئىچىدىكى تىنچ ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش، ئادەتلەندۈرۈش ھەم ئۆزلەشتۈرۈش پۇرسەتلىرى بىلەن تەمىن ئەتتۇق، سېنى دائىم قوغدايدىغان، ئاسرايدىغان، قەتئىي كۆيۈنىدىغان تۇيغۇ ئىچىدە ئەقىدىمىزنى ساڭا باغلاپ كەلدۇق. كۆيۈنۈشنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلدۇق. ساختا پەپىلەش، ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ، ئەركە نايناق قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش زۆرۈرىيىتى بىلەن بەزى چاغلاردا قاتتىق قول بولدۇق، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە شۇنداق بىر خىل روھىي ھالەت مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

ئوغلۇم، ئوقۇتقۇچىلىرىڭنىڭ سېنى قانچىلىك ياخشى

كۆرگەنلىكىنى، قانچىلىك داڭلىغانلىقىنى، سەن بىلەن پۈتۈن مەكتەپ ۋە پۈتۈن شەھەردە ماختانغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئەنە شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، بۇنداق ماختاپ-ئۇچۇرۇشلاردىن قانچىلىك سۆيۈنگەنلىكىمىز ۋە پەخىرلەنگەنلىكىمىزنى بىلەمسەن؟ ئۆز پەرزەنتى توغرۇلۇق ئاتا-ئانىنىڭ شۇقەدەر تەشەككۈرگە نائىل گەپلەرنى ھەدېگەندە ئاڭلىشى نەقەدەر سەلتەنەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى سەن تەسەۋۋۇرۇڭغا سىغدۇرالمايسەن، بىزمۇ قەلبىمىزدە فونتان ياسىغان خۇشاللىقىمىزنى تىل ئارقىلىق مۇپەسسەل بايان قىلىپ بېرىشكە ئامالسىز قالىمىز. سەن ھېلىقىدەك ماختاشنى خالىمايدىغان گەپلەرنى دېگىنىڭ بىلەن، بىز ئاشۇ ئوقۇتقۇچى ئېيتقان تىلەك، ئۈتۈنۈش، سۆيۈنۈشنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىشىنى، مەڭگۈ ئۇزۇلۇپ قالماسلىقىنى ئارزۇلايتتۇق، تەرىپ-تەۋسىپلەرنى بارلىق كۈچىمىز ۋە ئېتىقادىمىز بىلەن قوغدايتتۇق. مانا بۇ بىزنىڭ ئىچكى سىرىمىز ئىدى. سېنىڭ مۇشۇ خىل ھالىتىڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مەكتەپ، سىنىپ ئاچقان ئاتا-ئانىلار يىغىنلىرىغا تولۇق، ھەتتا باشقا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىدا باراتتىم. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بولسا بۇنداق يىغىنلارغا سەل قارايدۇ، ئەمما بىلىشىمكىچە، بۇنداق يىغىن ھەربىر ئاتا-ئانا ئۈچۈن بالىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، سەۋەنلىكىنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. باشقا بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىق-يېتەرسىزلىكىنى قوبۇل قىلغاندا بالىسىغا تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. ھەر قېتىم ئاتا-ئانىلار يىغىنلىرىغا بارغاندا، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋاقتىدا كەلمەي ئوقۇغۇچىلارنى قايتا ئەۋەتىپ چاقىرىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلىسەن! ئۇنداقلار مەسئۇلىيەتسىز، نادان،

ساپاسى يوق ئاتا-ئانىلار بولۇپ، بالىلىرىمۇ شۇ سىنىپتىكى ئەخلاقى ناچار، دەرس بىلمەيدىغانلاردىن ئىكەن. ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى دەل مۇشۇ ئىش. ئۆز بالىسىغا، كەلگۈسىنىڭ ئىز باسارلىرىغا كۆيۈنمىگەن ئاتا-ئانىلارنى يارامىلىق، مەسئۇلىيەتچان، كۆيۈملۈك ئاتا-ئانا دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداق چاغدا، خەنزۇلارنىڭ بالىلىرىغا كۆيۈنۈش تۇيغۇسى ۋە ھەرىكىتىنى ئەسكە ئالىمەن. بەزىدە خەنزۇچە مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسام، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلارنىڭ دەرۋازا ئالدىدا بالىلىرىنىڭ سىنىپتىن چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغىنىنى كۆرىمەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سائەتلەپ تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى بالىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار بالىلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىشقا ھەرقاچان رازى بولۇپلا قالماي، بۇنى خۇشاللىق ھېسابلايدۇ. تېگىدىن ئالغاندا، بۇ يەردە ئىككى ئىش بار: بىرى، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، بېرىلىش مەسىلىسى، يەنە بىرى، بالىلارغا كۆيۈنۈش، ھەقىقىي مەدەتكار بولۇش مەسىلىسى. خەنزۇلار نېمىشقا بالىلىرىنى ئۈچ ۋاخ مەكتەپكە ئاپىرىپ-ئەكېلىشكە ۋاقىت چىقىرىدۇ، ئۇيغۇرلار نېمىشقا بىرنەچچە ئايدا بىر قېتىم بولىدىغان ئاتا-ئانىلار يىغىنىغا بارمايدۇ؟ خەنزۇلاردىكى ھەرقانچە زۆرۈر ئىشى بولسىمۇ تاشلاپ قويۇپ پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىملىك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ خىل ياخشى ئادەت ۋە ياخشى پەزىلەتنى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، بىلىمنى قەدىرلەش ئارقىلىق، ئۇلار ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا نىسبەتەن ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، تۇرمۇش پاراۋانلىقى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشى

قاتارلىقلاردىن بۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، ئۇيغۇرلار بولسا، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى تۈپەيلى بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەل قاراپ، تەرەققىيات ۋە زاماننىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتىدۇ.

ئوغلۇم، بىز سەن بىلەن ئۆزىمىزنى شەرەپلىك ئاتا-ئانا سېزىمىز، گەرچە بالا تەربىيىلەشتە يەھۇدىي، ياپون، ئىنگلىز، گېرمان، فرانسۇزلارغا يەتمىسەكمۇ، ساغلام كۆيۈنۈشتە خەنزۇلاردىن قېلىشمايمىز. دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، بالىلارنى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلىمەي، ۋاقتى ئۆتكەندە تەربىيىلەشنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ، «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دۇر. تەربىيىسىزلىكتىن يارامسىزغا ئايلانغان بالىلارنىڭ جەمئىيەتكە ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قېلىپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ قانچىلىك خاپىلىق تارتىۋاتقانلىقىنى، ھەرقانچە بەدەل تۆلەپمۇ ياخشى نەتىجىگە ئىگە بولالمايۋاتقانلىقىنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئىلگىرىكىدەك ئەپلەپ-سەپلەپ ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر» دەپتىرىگە ئۆتۈۋېلىپ، مەڭگۈ بېقىنىپ ياشاش مېخانىزمى ئەمدى مەۋجۇت بولمىغانلىقتىن، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، بىلىمى، ئىقتىدارى بارلار مۇناسىپ ئورۇننى ئىگىلەۋاتىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىدارلىقلار دۇنياسى، رىقابەت دۇنياسى، ئىقتىدار بولسىلا سورۇن كەڭ، ئىمكانىيەت، پۇرسەت بار، ئىقتىدار ئىگىلىرىگە سىياسەت ھېچقاچان چەك قويغىنى يوق، شۇنداق ئىكەن، قۇرۇق ۋايساش قىلچە پايدىسىز. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، كىشىلىك ئىمتىياز، كىشىلىك قىممىتىمىزنى يارىتىش ئۆز ئىلكىمىزدە، ئۇ پەقەت بىلىم، پاراسەت، ئىقتىدار ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىدۇ.

ئوغلۇم، مەن بۇ جەھەتتىكى ئايرىم قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. مېنىڭ نۇرغۇن زىيالىي دوستلىرىم بار، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ قانداقلىقىنى تىلغا ئېلىشقا راستىنلا رايىم بارمايدۇ. بۇنىڭغا قاراپ، بالا تەربىيىلەشمۇ بىر خىل ئىلىم ئىكەن، ئىلىم بولغاندىمۇ مۇرەككەپ، بەك ئىنچىكە ئىلىم ئىكەن دېگۇم كېلىدۇ. ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىراق، بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز، ھەتتا بىلىمنىڭ نېنىنى يەۋاتقان زىيالىيلىرىمىز تېخى بۇ نۇقتىنى ھېس قىلمىغان، بۇ ساھەگە كىرىپ باقمىغان، شۇ ۋەجدىن بالا تەربىيىسىدە چولتىلىق قىلىۋاتىدۇ. كۆپ ھاللاردا بالا دېگەننى يەسلى ۋە مەكتەپ تەربىيىلەيدۇ دەپ قاراپ، نادانلىق ۋە غەپلەت بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىپ، بالىلىرىنى نادان قالدۇرۇۋاتىدۇ. مەلۇم ناھىيىدە بىر دوستۇم بار، سەنمۇ بىلىسەن، بەلكى كىچىك ئوغلىنىمۇ بىلىسەن، بىراق ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭ يوق. توققۇز ياشقا كىرگەن ئوغۇل مەكتەپتىن چىقىۋالدى. مەكتەپ قويىنىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە ئاتا-ئانىسى ئامال قىلالمىدى، بالا ھەر كۈنى مەكتەپكە بارسىمۇ دەرس ئاڭلىغىدەك تەنەپپۇستا مەكتەپتىن قېچىپ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىغا كىرىۋالدى. ھەتتا شۇ يەردە قونۇپ ئويۇنچۇق ئوينىدى، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ساتتى، ئاتا-ئانىسى بەكرەك گەپ قىلسا ياكى تەنبىھ بەرسە قېچىپ كېتىپ، پۈتۈن ئائىلىنى پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ. داڭقى بار بىر پېشقەدەم زىيالىينىڭ پەرزەنتىنىڭ بۇ ھالىتى ئادەمنى ئېچىندۇرىدۇ. مەن ئەينى يىللاردا بالىنى تىزگىنلەشنى ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى، بالىنىڭ پۇلغا ئامراقلىقى دىققىتىمنى تارتقانىدى. ئۇ پۇل بەرمىسە، مەكتەپكە

بارغىلى ئۇنىمايدىكەن، بىرەر يەرگە ئىشقا بۇيرۇسىمۇ پۇل بەرمىگۇچە ماڭمايدىكەن، قانچە پۇل دېسە ئالماي قويمايدىكەن، تىلىكى ئىشقا ئاشماي يامانلاپ ماڭسا، دادىسى چېچىلىپ چالۋاقاپ قويۇپلا دېگىنىنى بېرىدىكەن، چۈنكى ئۇ، بالىنىڭ كىچىكى، ئەتىۋارلىق ئوغۇل! ... ئۇنى بۇزغىنى دەل دادىنىڭ ئۆزى بولۇپ، نەگە بارسا قۇيرۇقىغا قىستۇرۇۋالاتتى. مەكتەپتە ئوقۇيدىغان تۇرسىمۇ رۇخسەت سوراپ ئېلىپ باراتتى، ناھىيە شەھەر ئاتلايدىغان توي-تۆكۈن، بەزمە-مەشرەپلەرگىمۇ بىللە ئېلىپ بارمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. مەن بۇنداق ئىشنى قاتتىق گەپ بىلەن تەنقىد قىلسام، دەمال قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، مەندىن سەل رەنجىگىنىنى چىرايىدىن ئېپادىلەنگەن. «بۇ بالىنىڭ ئەھۋالى باشقىچىرەك، — دېگەنىدى ئۇ دوستۇم، — ئاچىسى يوقىلاڭ بىر گەپ ئۇچۇن بىزگە قېيداپ ئوپۇل-توپۇل زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان، قاراڭ، بۇ بالىغا ئۇنداق يەڭگىللىك قىلساق بولمايدۇ...» دوستۇم شۇنداق دېگەندىمۇ يەنىلا مەن بالىنى بۇنداق يامان ئۆگەتمەي، سەل قاتتىق تەلەپ قويۇشنى، بالىنى باشقۇرۇشتا ئانىسىغا ئارىلىشىۋالماسلىقنى دېسەم، ئانىسى بۇ بالىنى كېرەكسىز قىلىپ قويىدۇ، نادان خوتۇن ھە دېسە بالىنى ئۇرىدۇ، مەن چىدىمايمەن، دەپ زارلايتتى. خوتۇنى نەچچە قېتىم ئاشۇ ئاغىنەمدىن بالا توغرۇلۇق ماڭا ئاغرىنىپ بەرگەن. چۈنكى، ئاغىنەم بالىغا بولۇشۇپ خوتۇننى تىللاپ، ئۇرۇپ ئەدەپلەپ، بالىنىڭ ئالدىدىكى ئوبرازىنى يامانلاشتۇرۇپ قويغان... مانا ئەمدى بۇ بالىنى ئانىمۇ-دادىمۇ باشقۇرالماي، ئەر-خوتۇننىڭ كۆنى بالىسىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ، پايلاش، مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن ئۆتكەن، ئائىلىدە بالا ئىشى جېدەلگە ئايلىنىپ قالغان.

ئانا ئۇنى كۆڭلۈكى مەكتەپكە ئاپىرىپ «بىقىپ» ئولتۇرغان بولسىمۇ، كۆزىنى غەلەت قىلىپ قىچىپ كەتكەن. بالا تەربىيىسىدىكى يېتەرسىزلىك ئۇلارنى بىر ئۆمۈر ئاشۇنداق دەككە-دۈككە، ئازاب ئوتلىرىغا تىقىۋەتكەن.

يەنە بىرقانچە دوستۇم بار، بەلكىم بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيسەن، ئۇلار بالىلىرىغا بارلىقىنى ئاتىغان، ئۆزلىرى ئۆمرىدە قىلالمىغان ئىشلارنى بالىلىرى ئارقىلىق روياپقا چىقىرىشنى ئويلاپ، ئاشۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئۆزىنى قۇدرەت تاپتۇرماقچى بولغان، بالىلارغا قويۇلغان ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن زاماندىكى ئۇلۇغلارنىڭ، قەھرىمان، پالۋانلىرىمىزنىڭ، بىلىم مۇنبىرىدە شۆھرەت قازانغانلارنىڭ ئىسىملىرى... بىراق، ئاشۇ خىيالپەرەس ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەربىيىلىشى قانداق بولدى؟ بۇنى ئويلىسا ئادەمنىڭ ئوغىسى قاينايدۇ؛ گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇلارنى قاتتىق ئەركە قىلىپ قويغان، كۆزگە قارىغان، قاتتىقراق ئېيتسا، ئەجدادلارنىڭ روھى قورۇنىمىش... ئۇلارنى تەربىيىلەشتە ئىلمىي بولماستىن، پەقەت ۋە پەقەت بۈيۈك ئىسىم شەرىپىگە قاراپ مۇئامىلە قىلغان، شۇ بۈيۈك نامنى قوغداش، نۇرلاندۇرۇش ۋە ئەجدادلارنىڭ ئىستەك-ئارمانلىرىنى چاقنىتىش ئۈچۈن كېتەرلىك ماددىي، مەنىۋى شارائىت يارىتىپ بېرىشكە سەل قارىغان، مۇناسىپ تەربىيىگە ئىگە قىلمىغان. قارىساڭ ئۇلار بەكمۇ يارامسىز چوڭ بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ نامىغا ئېغىر داغ كەلتۈردى. نامى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق بۇ بالىلارنىڭ تەقدىرىدىن ئېغىز ئېچىش قىيىن.

ئوغلۇم، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قاچانمۇ بالىلارغا كۆڭۈل

بۆلىدىغان، تەربىيىلەشنى بىلىدىغان بولار؟ سەن قايسى كۈنى بىر گەپنى دېدىڭ، ھەتتا تېلېۋىزىيە فىلىمىدىمۇ كۆردۈم. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدا ئۈچ يىل ئوقۇش ئۈچۈن، ھەربىر بالا چوقۇم 180 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇشى شەرت ئىكەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇش ھەققى شۇنچە جىق بولسا، تولۇق ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرگە قانچىلىك پۇل تۆلىشى كېرەك؟ ئاڭلىسام، 180 مىڭ يۈەن ئوقۇش راسخوتى تاپشۇرىدىغان مەلۇم مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغان 120 نەپەر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن 4700 ئوقۇغۇچى ئىمتىھان بېرىپتۇ، شۇلاردىن نومۇرى ئەڭ يۇقىرى بولغان 120 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپتۇ. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بىرى، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى، خەنزۇلارنىڭ بالىلار تەربىيىسىگە شۇقەدەر ئىنچىكە، ئەستايىدىل قاراپ، ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. دېمەك، بالىلار تەربىيىسىگە، بىلىم ئىگىلىكىگە ئىككىلەنمەي مەبلەغ سالالايدىغان مىللەتلا دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ، پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتالايدۇ. دۇنيانىڭ كېلەچىكى دەل ئاشۇنداق مىللەت، دۆلەت ۋە كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئەمدى ئۆزىمىزگە قاراپ باقايلى، بىزنىڭ بەزى تۇغقانلار ۋە قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىپ، بالىسىنى مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىشقا يول مېڭىشىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇلارغا بالىلارنى ئوقۇتۇش ھەققىدە كايىپ چۈشەنچە بەرگەنلىكىمنى ئوبدان بىلىسەن. قارا، ئوغلۇم، بىز شۇنداق نادان خەق ئەمەسمۇ؟

ھۆكۈمەت مۇشۇ يىللاردا يېزا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا

مەكتەپلەردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، كىتاب پۇللىرىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئوقۇتۇپ، بىلىملىك قىلىپ قويايلى دەۋاتسا، مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ ھۈنەرگە بېرىش، دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە سېلىش، زاماننىڭ ئارقىسىدا قالغان ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش كويىدا بولۇۋاتقان ئاتا-ئانىلار ئاز ئەمەس. بۇ نادانلىقنى نېمە دەيسەن؟ تېخى بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىزنىڭ گېپىچۇ، بالىلىرىمىز ھەرقانچە ئوقۇسىمۇ كادىر بولالمايدۇ، نۇرغۇن پۇلنى خەجلەپ ئوقۇتۇپ ئاۋارە بولغۇچە تىجارەتكە سالساق نۇرغۇن پۇل تاپىمادۇ، دەۋاتىدۇ. دېھقان بولسىمۇ ئاق-قارىنى بىلىدىغان، تىجارەتچى بولسىمۇ ھالال-ھارامنى پەرق ئېتىپ پۇل تاپىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەكقۇ! بالىلارنى ئوقۇتۇشتىن مەقسەت كادىر قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى تېپىش ئۈچۈندۇر. ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىرىگە ئىش ئورنى ھامان تەييار. نوقۇل كادىر قىلىش مەقسىتىدە ئوقۇتۇلغان پەرزەنت بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكىدە شاللىنىپ كېتىدۇ، پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسى ئەمدى ھەرگىز ئاقمايدۇ.

ئوغلۇم، ئېسىڭدە بارمۇ؟ بىز سېنى دەل بەش ياشقا كىرگەن چاغدىلا تىزگىنلەشكە باشلىغان. چۈنكى، بالا شۇ ياشتىن باشلاپ تەربىيىگە ئىگە قىلىنسا ئاق-قارىنى بىلىدىغان، يامان-ياخشىنى ئايرىيدىغان بولىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ساڭا زېرىكمەي چۈشەندۈرەتتۇق. بەزى يامان ئىللەتلەرنى پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق بىلدۈرەتتۇق. بۇ ئىشقا كەلگەندە بەك سەۋرچان ئىدۇق. بەزى ئىشلارغا زېرىكمەي بۇيرۇپ، قىلالمىغاندا ئۆگىتىش نەتىجىسىدە ئائىلىدىكى ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان بولغانىدىڭ، ياخشى ئىشلارنى قىلغاندا رىغبەتلەندۈرگەن، يامان ئىشلارنى

قىلغاندا دەرھال توسقان، ھەتتا يەڭگىل تەنبىھ بېرىپ ئەدەپلىگەن چاغلىرىمىزدا ئىچىمىزدە قاتتىق پۇشايمان قىلغان بولساقمۇ بىلىندۈرمىگەن، بۇنداق قىلىشىمىزنىڭ توغرا بولغانلىقى ئىسپاتلانغاندا ئۆزىمىزدىن رازى بولغانىدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ بالا تەربىيىسىدىكى يېتەكچى، ئاكتىپ ئامىل بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئىزدەنسە، ئۇنىڭ يولى بەك كۆپ، ھەر تەرەپلىمە ئىمكانىيەت بار. ئاتا-ئانىلار بالىلارنى دۆت دېمەسلىكى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ دۆت ئوقۇغۇچىلارنى كەمسىتمەسلىكى، بەلكى رىغبەتلەندۈرۈشى، ئالغا بېسىشى ئۈچۈن يار-يۆلەك بولۇشى كېرەك. ئوغلۇم، ئويۇنچى ئىنىڭنى دېمەيسەن، ئۇنىمۇ ساڭا ئوخشاش تەربىيىدىن بەھرىمەن قىلغان، ئەمما ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇ زىيادە ئويۇنچى ئىدى، ئىلگىرى ئوقۇتقۇچى دائىم ئۇنىڭدىن قاقشايتتى، دەرسنى بىلسىمۇ، ئويۇنچى، پېتىرقۇلاق دەيتتى، ئەمما بۇ قېتىم بىر ئوقۇتقۇچى ئالمىشىپ، ئۇنى سىنىپ باشلىقى قىلىپ قويۇۋىدى، ئۇنىڭ ئويۇنغا ئامراقلىقىدىن ئەسەر قالمىدى، ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش ياراملىق بالا بولىدۇ، ئارقاڭدىن سەن ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە ئوقۇشقا بارماقچى، مەن ئۇنىڭدا يەنىلا خىيالپەرەسلىكنى قويۇپ، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇۋاتىمەن. مېنىڭچە، بالا تەربىيىسىدە، قانداقتۇر ئۇ چۈشەنچە، بۇ نەزەرىيىنىڭ تەسىرى بەك چوڭ بولمايدۇ، پەقەت ئەمەلىيەت جەريانىدا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، قەلبىمىزدىكى نىشانىمىز ۋە قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى ھەرىكىتىمىز ئاساسىدا راۋاجلاندۇرساق، تەتبىقلىساق، بۇنىڭ بالىلارنىڭ روھىغا تەسىر قىلىشى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ؛ مۇشۇنداق بىر خىل سەزگۈرلۈك، ئىقتىدار ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ تەمكىنلىك، پاراسەت بارلىقىقا كەلسە، بالىلارنىڭ بىلىم بىلەن

باشقا تۇردىكى ماددىي، مەنىۋى نەرسىلەرگە بولغان تونۇشىدىكى مۇجىمەل تەرەپلەر ئايدىڭلىشىپ، بىلىم ئېلىشقا بولغان قىزغىنلىقى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نامى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق بەگزادىلەرگە ئايلىنىپ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، يارامسىز، تەييار تاپ ئادەم بولۇپ قېلىشىنى تىزگىنلەيدۇ، ھەققانىي، مەڭگۈلۈك بايلىق يارىتالايدىغان، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان، باشقىلارنى چۈشىنىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان ۋە چىقىش يولىنى ئۆزى تاپالايدىغان ئادەم بولۇشىغا ئاساس سالىدۇ.

مۇھىمى ئاتا-ئانا — ۋاستىچى، ئوقۇتقۇچى — ھەيدەكچى، جەمئىيەت ئېھتىياجى رىقابەتچى بولغانلىقتىن، سەن يارامىلىق ئادەم بولۇش يولىغا قەدەم قويىدۇڭ. پەقەت ئاتا-ئانىلار مۇشۇنداق قىلىشنى بىلسە، باشقا باللارمۇ سەندەك بولالىشى مۇمكىن. ئەكسىچە ئەھۋالدا، تەبىئىيكى، باللار ھېلىقى زىيالىي ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىدەك بولۇپ قالىدۇ. باللار تەربىيىسىدە مۇھىم ئامىل ئاتا-ئانا، يېتەكچى ئامىل ئوقۇتقۇچى، مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئاساسى بالىنىڭ ئۆزى. بالىمۇ تەشەببۇسكار بولۇشى، سۆرىلىۋالماسلىقى كېرەك.

ئوغلۇم، ئاتا-ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باللارنى تەربىيىلەش، يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش يولىدا تارتىدىغان جاپاسى، مەجبۇرىيىتى بەك ئېغىر. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭمۇ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتى بار. بىلگىنكى، ئەۋلادلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن مىللەتنىڭ كەلگۈسى خۇنۇك بولىدۇ، مەن: «ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش قۇرۇلمىسىدىكى

سۇپەت ـ ئۇنۇمنى ئىشقا ئاشۇرسا، ئاتا-ئانىلار نوقۇل مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ھامىيسى بولۇۋالماي، ئۇلارنىڭ كېلەچەك بەختى ئۇچۇن جان پىدا قىلىشنى بىلسە نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە؟» دېگەن ئارزۇ-ئىستەك ئوتىدا كۆيىمەن! ھەربىر ئادەم ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، پەرزەنتىنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيىلىسىمۇ مائارىپقا، كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلگەن بولىدۇ. شۇنداق جاكارلايمەنكى، مەن ساڭا ئوخشاش تىرىشچان بىر بالىنى قاتارغا قوشتۇم. ھەممە ئادەم مۇشۇنداق قىلالىغاندا مائارىپىمىز گۈللىنىدۇ، مەدەنىيىتىمىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئىقتىدارلىق سەركەردىلىرىمىز تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ، جەمئىيەتنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى!



# ئەنئەنە ۋە ئادەت

ئوغلۇم، مىللىتىمىزنىڭ نۇرغۇن ئەنئەنە ۋە ئادەتلىرى بار. ئالايلۇق، مېھماندوستلۇق، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، بەزمە-مەشرەپ، مىللىي تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش، باردى-كەلدى... قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرگە چېتىلىدىغان ئەنئەنە-ئادەتلىرىمىز جاھانغا مەشھۇر. بۇلار بەكمۇ ماس ۋە مۇكەممەل، لايىقىدا ھەم جانلىق، خاس ۋە ئىخچام، تېجەشلىك ھەم ئومۇمىيەتچىل. بۇنداق ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر ئەجدادلاردىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان، ئەجدادلىرىمىز بۇنى ناھايىتى تولۇق، مۇكەممەل تۇستە بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئۇ بىزنىڭ مىللىي روھىيىتىمىزنى نامايان قىلىدۇ، مىللەتكە خاس ئوبرازىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ، باشقا مىللەت كىشىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنى يوق قىلىۋەتسەك، بىزنىڭ پەقەت ھېچقانداق مىللەتكە تەۋە بولمىغان، ئادەمسىياق جىسمىمىز قالىدۇ، ئۇ چاغدا، مەنىۋىيىتىمىز، قەدىر-قىممىتىمىزدىن سۆز ئېچىش تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. بۇنى بىز شۇ ۋەجدىنلا ئەمەس، ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىنمۇ داۋاملاشتۇرمىساق، قوبۇل قىلمىساق بولمايدۇ. شۇڭا بىز ساڭا ئەنئەنىلىرىمىزنى ئۆگىتىشىمىز، ئۆزلەشتۈرۈشىمىز زۆرۈر ئىدى. سەن بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئالدى بىلەن ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا

ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ، كېيىن بولسا يىراق-يېقىندىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش، داستىخان سېلىش، تاماق تارتىش، قوغۇن-تاۋۇز، يەل-يېمىش تىزىشنى ئۆگەتتۇق، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ قولىغا قانداق ئەھۋالدا، ئاياللارنىڭ قولىغا قانداق ئەھۋالدا سۇ بېرىش، داستىخان سېلىش، قانداق ئادەمگە قانداق مەزە-يېمەكلىك تارتىش، توي-تۆكۈندە قانداق قىلىش، نەزىر-چىراغلاردا قانداق قىلىش، قانداق كىيىنىش، نېمىلەرنى دېيىش، قانداق يېتىپ-قوپۇش ۋە قايسى جايغا تەرەت قىلىش، قانداق جايدا ئارام ئېلىش، قانداق ئۇخلاش قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ ئۆگەتتۇق. سەن يەنە ياشانغانلارغا قانداق گەپ قىلىش، ئۇلار بىلەن قانداق پاراڭلىشىش، تەڭتۇشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىدىن چوڭلارنى قانداق ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى قانداق ئىززەتلەش قاتارلىقلارنىمۇ تەدرىجىي ئۆزلەشتۇردۇڭ. بەزى قائىدىلەر بىزدە ھەمىشە سادىر بولمىغانلىقتىن، كانىكول مەزگىللىرىدە يېزىغا تۇغقانلارنىڭكىگە ئەۋەتكەن چاغلاردا ئۆزلەشتۇرۇپ كەلدىڭ. شۇ جەرياندا سېنىڭ ياخشى بىلەن ياماننى، يامان ئىش بىلەن ياخشى ئىشنى پەرق قىلىش ئىقتىدارىڭ ئۆستى، ئىرادەڭ، ئېتىقادىڭ، قىممەت قارىشىڭ مۇستەھكەملەندى. مىللەتكە خاس ئۆرپ-ئادەت، سالاپەت ۋە قەدىر-قىممەت تىكلىدىڭ. يەنە بىر تەرەپتىن، سەن ئۇچۇن جەمئىيەتتىن كۆپرەك ئۆرنەك ئېلىش، كۆپرەك بىلىش، شەيئىلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. پىكىر بايان قىلىشىڭنى كۆپلىگەن ئۇچۇر، بىلىم ۋە ھەقىقىي مىساللار بىلەن تەمىن ئېتىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ناتىقلىق سەنئىتىڭ ئۆستى.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، سېنىڭ يېشىڭدىكى

نۇرغۇن باللاردا بۇ نەرسە تولىمۇ يېتەرسىز، بەزى باللار ھەتتا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن تىنچلىق سوراش كەلىمىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيلا قالماستىن، سالام-سەھەتنىمۇ بىلمەيدۇ، تۆگىدەك بوي كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە غەيري تەسىر بېرىشتىن قورقۇپ كەتمەيدۇ. بەزى باللار راستتىنلا بۇتتەك قېتىۋالغان، ھېلىقىدەك قولغا سۇ بېرىش، داستىخان سېلىش، سورۇندا ئىككى ئېغىز گەپنى جايىدا قىلىش دېگەنلەرنىمۇ ئۇقمايدۇ. بۇنىڭ باھانىسى بەك ئاسان بولۇپ كەتتى، نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار تېخى خىجىل بولماي، بالىمىز مىنكاۋخەن، خەنزۇچىراق چوڭ بولۇپ قالغان دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە خەنزۇلاردا نەدىمۇ ئاشۇ ئاتالمىش ئاتا-ئانىلار دېگەندەك ئۇنداق قىلىقلار مەۋجۇت؟! بۇنى تەھلىل قىلساق، ئۆزىمىزنى ئەيىبلەشتىن ئۆزگە باھانە تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن. مۇشۇنداق بىر خىل ئالاھىدىلىكنى دۆت باللىرىمىزنىڭ سېيماسى قىلىپ قويساق، تۇپتىن توغرا بولمىغان ئىدىيە ۋە قاراشنى شەكىللەندۇرىمىز، خالاس. بۇ پەقەت ئۆزىمىزنىڭ بىر خىل يېتەرسىزلىكىنى باشقا بىر مىللەت كىشىلىرىگە ئارتىپ قويۇش ئارقىلىق مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتىن باشقا ئىش ئەمەس. راستىنى دېسەم، بىزدە ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ باللارغا ئەدەپ-قائىدە ئۆگىتىشى يېتەرلىك ئەمەس، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق تەجرىبىسى ۋە ئارتۇقچىلىقى يوق. نۇرغۇن كىشىلەردە بۇ بىر خىل مۇھىم ئىش بولۇپ شەكىللەنمىگىنى ئەجەبلىنەرلىكتۇر. بۇ ئىشقا ئومۇمىيۇزلۇك سەل قارىغانلىقىمىز تۇپەيلى، كۆپ ھاللاردا بۇنداق ئەدەپ-قائىدىنى باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرۇش، ئاغزىدىن ئاڭلاش ئەھۋالى كۆرۇلۇۋاتىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن باللار بىر خىل گۇمۇش بولۇپ قالغان، ئۇلار

ئۆيگە ۋە بەزى سورۇنلارغا باشقىلار كىرسە، ھېچقانداق ئىپادە كۆرسەتمەيدۇ. بەزى بالىلار خېلى چوڭ تۇرۇپمۇ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى بىلمەيدۇ، سالام قىلىشنى، ئۆيگە باشلاشنى، ئۇزىتىپ قويۇشنى ئۇقمايدۇ؛ كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا تارتىنىدۇ ياكى قاملاشتۇرالماي، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى تەمە قىلىدۇ.

ئوغلۇم، سەن بۇنداق نۇقسانلاردىن خالىي ئۆستۈڭ. بۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە قىزغىن، جانلىق، پائالىيەتچان ئىدىڭ، شۇڭا سورۇنلاردا سەركە، مۇنبەرلەردە ناتىق بولدۇڭ، شائخەيگە ماڭىدىغان چاغدا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىڭ (شائخەي شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ شۇنداق پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇردى)، بۇ سورۇنلاردا قانداق قىلىش، قانداق سۆزلەشنى ئۆزۈڭ بەلگىلەپ، ئاشۇ كىشىلەر كۈتكەن يەردىن چىقتىڭ، ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈرەك سادasىنى بايان قىلىشنى بىلدىڭ. ساڭا قانچىلىك رەھمەت-تەشەككۈرلەر ئېيتقىنىمىزنى، ئىچ-ئىچىمىزدىن سۆيۈنگىنىمىزنى دېمەيلا قوياي!

بۇنداق قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭ ئۈچۈن ئىدى. ئۇ، سېنى يېڭى بىر تۇرمۇش مۇھىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھاسىلاتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، تۇرمۇشقا، كىشىلىك ھاياتقا بولغان توغرا قاراشنى تۇرغۇزۇش، كىشىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش، جەمئىيەتتە ئالاقىنى قانداق يۈرگۈزۈشنى بىلىشىڭگە تۈرتكە بولدى، مەقسەتمۇ سېنىڭ تۇرمۇشتىكى ئاشۇ پائالىيەتلەردە كىشىلىك رولىڭنى قانداق جارى قىلدۇرۇشنى بىلىش ئىقتىدارىڭنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت

ئىدى. بۇ يەنە كىشىلىك تۇرمۇشتا مەلۇم قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە سىنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىرادەڭنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ سەن كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە مۇناسىۋەتشۇناس بولۇپ قالدىڭ، كىشىلەرگە ئوچۇق، قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەخلاقلىق، قابىل، ياخشى بالىغا ئايلاندىڭ.

ئوغلۇم، ئۆرپ-ئادەت مىللىتىمىزنىڭ بىر مەنىۋى تۈۋرۈكى، تېررىتورىيە چەمبىرىكى ئىچىدىكى نامايەندىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى، مىللەت سەھنىسىدىكى گۈلتاجىمىزنىڭ پۆپۈكى. ئۇنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى زىننەتلىشىمىز، سەرخىللىق بابىدا چاقنىتىشىمىز كېرەك.

ئوغلۇم، سەن ئۆزىمىزنىڭ نۇرغۇن ئىلغار مەدەنىيەت، ئادەت، ئەنئەنىلىرىمىزنى، قائىدە-يوسۇنلىرىمىزنى چۈشەندىڭ ۋە قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈردۈڭ. بۇ كىچىككىڭدىن قەلبىڭگە چوڭقۇر سىڭدى، «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدىغان» بىر خىل ھالەت سەندە شەكىللەندى. بۇنداق خاسلىقىڭ بىلەن نەگىلا بارغىن، ھەرقانداق بىر ئادەم، ھەرقانداق بىر ئىرق، ھەرقانداق بىر مىللەت كىشىسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىسەن، بۇ سەندىكى بىر خىل ئۆزگىچىلىك بولۇپ قالدى. بىلگىنىڭكى، ئوغلۇم، ھەرقانداق نەرسىدە، ئادەمدە، مىللەتتە بىر ياكى بىرقانچە خىل خاسلىق بولىدۇ، بۇنداق خاسلىق شۇ مىللەت كىشىسىنى باشقا مىللەت كىشىسىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تىلىدىن باشقا، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن

ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. پەقەت مۇشۇ خىل خاسلىق ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، دېمەك سەندە بىر ياكى بىرقانچە خىل خاسلىق بولسا، كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئېرىشەلەيسەن، شۇ خاسلىقىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپەڭنى نۇرلاندۇرىدۇ، ئۆرپ-ئادەت مەسىلىسىدە ئەدناسى سەن ھازا سورۇنىغا يىغلاپ، تويغا كۈلۈپ كىرىشنى ۋە باشقا ئىشلارغىمۇ لايىقىدا ماسلىشىشنى بىلىدىغان ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك. ئويلىسام، تۇغۇلغان كۈنۈڭنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى قانچە قېتىم ئۆتكۈزگىنىڭنى دەپ بېرەلمەيدىكەنمەن. بۇ كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئەمەس، ئەڭ ئاز بولغانلىقتىن بولسا كېرەك. سەن «تۇغۇلغان كۈن تەبرىكىنى ئۆتكۈزۈش بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىزدە يوق، بۇ ئادەت قەدىمكى زاماندا بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمىگەن. چوڭلار ئۆتكۈزمىگەن يەردە بىزگە تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپ نېمە كەپتۇ؟ بىرى، ئىقتىسادىي ئىسراپچىلىق، يەنە بىرى، ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن باشقا ئىش يوقكەن» دېگەن قاراشتا بولدۇڭ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىزدە كىچىكلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش مودا بولۇپ كەتتى، ئەمما ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان، مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىنى ئۆتكۈزىدىغان پائالىيەت تەرتىپىنى ئورنىتالمىدۇق، بىرەر ياخشى ناخشا ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرالمىدۇق. قىسقىسى، ئۇنىڭغا چوڭلار كۆڭۈل بۆلمىدى، كىچىكلەر دوراپ باققان بولسىمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئىجادكارلىقنى نامايان قىلىشنى بىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيىتىمىز ۋە ئورتاقلىقىمىزغا ماس كېلىدىغان تۇغۇلغان

كۆن ناخشىسى ۋە مۇناسىپ مەزمۇندارلىق بارلىققا كەلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى يىلتىزى چوڭقۇر بولمىدى. تاكى ھازىرغا قەدەر باللار ئارىسىدىكى بۇ ئىشنىڭ تەرتىپى، مەزمۇنى پەقەت بىلىپ-بىلمەي دوراشلا بولۇپ كەلدى. بۇ سېنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلالماسلىقىڭدىكى سەۋەب بولسا كېرەك.

مەنمۇ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈش بىزنىڭ ئەنئەنە-قائىدىلىرىمىزدە ئومۇملاشمىغان ياكى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل قوللىنىپ كەلمىگەن ئىش، ئۇنى قىلماسلىق كېرەك، دەپ قارىمايمەن، بۇ يەردە شۇنى دەپ قويايكى، باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت، ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشتىن باش تارتساق بولمايدۇ، ئەنئەنىمۇ زامانغا بېقىپ پەيدا بولىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، يوقىلىدۇ، ئەنئەنىدىمۇ ئىلغارلىرىنى تاللاپ پايدىلىنىشنى بىلمىسەك، ئۇ چاغدا مۇتەئەسسىپلىكنىڭ كەتمىنىنى چاپقان بولۇپ قالىمىز. ئەنئەنىلىرىمىزنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇشتا مەسئۇلىيىتىمىز ھەقىقەتەن ئېغىر ۋە مۇشكۈل. بۇنى ھەربىر ئادەم تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىغا ئەنئەنىلەرنى ئۆگىتىش مەسئۇلىيىتى بار، ئۇلارنىڭ چوقۇم ئۆگىنىش مەجبۇرىيىتى بار. چۈنكى، بىزنىڭ بەزى ئەنئەنىلىرىمىز تولىمۇ گۈزەل، ساغلام، ئەھمىيەتلىك! ئۇ قىزلىرىمىزغا قىزلارغا خاس گۈزەل جۇلا، خۇلق-ناز ۋە سىپتىلىق، ئىپپەت-نومۇس، شەرم-ھايا نەمۇنىلىرىنى تەقدىم قىلسا، ئوغۇللىرىمىزغا سالاپەت، ۋىجدان ۋە غۇرۇر بەخش ئېتىدۇ، شۇنداقلا ئەنئەنە بىزنى ساغلام، ساداقەتمەن، جاسارەتلىك، قەيسەر ۋە پاراسەتلىك، كۆيۈملۈك،

مېھرىبان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىزگۈلۈككە ھەيدەكچىلىكى بەكمۇ چەكسىز بولىدۇ.

بۇ يەردە بىر نۇقتىنى تەكىتلىمەي بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەسىرىدىن بەزىلەر ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى قارىغۇلارچە شاخلىتىپ، ناچار ئادەت ۋە ناچار كەيپىياتلارنى پەيدا قىلدى، زىيادە ھەشەم-دەرەم قىلىپ، كەڭ ئاممىنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىيىنچىلىق گىردابىغا سۆرەپ كىردى. مەسىلەن، تويلۇقنى ئېغىر سېلىش، تۇرلۇك شەكىلدىكى نام بىلەن ئاتىلىپ مەيدانغا چىققان چايلار، تەبرىكلەش-پەتىلەشلەر ئىچىدە بەزىلىرى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىدۇ. بۇ ئۆرپ-ئادەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولماستىن، چېچىۋېتىش، بۇرمىلاش بولۇپ، ئۇنى قەتئىي چەكلەش-توسۇش كېرەك.



# ئانا تىل ۋە كېلەچەك

ئوغلۇم، ئەزەلدىن سېنىڭ كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشىڭنى تەشەببۇس قىلدىم، سەۋەبى، مەن باشقا تىللارنى بىلمىگەننىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان ۋە تارتىۋاتقان ئادەم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئانا تىلنى ئەتراپلىق ئۆگىنىشىڭنى ئەڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلدىم. چۈنكى، دۇنياغا تۆرەلگەن ھەرقانداق ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تىلى ئارقىلىق تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئەقىل-پاراسىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئىلىم-پەننىڭ پارلاق چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈنمۇ ئانا تىل شوتا بولىدۇ. دېمەك، ئانا تىل ئادەمنىڭ پەرۋاز قىلىشىدىكى ئەڭ مۇكەممەل قانات ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا ئانا تىلنى ئاساس قىلغان ھالدا باشقا تىللارنى بىلىشمۇ بىزنىڭ كېلەچىكىمىزنى يارىتىشنىڭ بىر مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالدى. چۈنكى، ھەربىر ئادەم ۋە مىللەت بىرەر يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ياكى تەرەققىيات نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشى كېرەك. مىسال ئالسام، تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ، يۇقىرىسى ئاي شارى ۋە مارسقا چىقىشقىچە تىل ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە. ئالايلۇق، مۇشۇ كۈنلەردە ئامېرىكىنىڭ «جاسارەت» ناملىق مارسنى تەكشۈرۈش ئالەم كېمىسى ھەققىدىكى ئىشلارنى

خەنزۇچە، ئىنگلىزچىدىن ئىبارەت ئىككى تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىمىزنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ بىلەلىدۇق. بۇ، تىل ئۆتكىلىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر بىز بىرلا تىل ئۆتكىلى ياكى بىۋاستە تىل ئۆتكىلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىكى جەريانلارنى بىلىش مەقسىتىگە يېتەلىگەن بولساق، ئارىلىق قىسقىرىپ ئىسراپچىلىق، ئاۋارىچىلىك، ۋاقىت جەھەتتىكى پەرق زور دەرىجىدە ئازايغان بولاتتى. چۈنكى، بۇ خەۋەر بىزگە ئىنگلىز، خەنزۇ تىللىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگۈچە نۇرغۇن جەريان، ۋاقىت كېتىدۇ-دە، ئۇچۇر، بىلىم كېچىكىپ كېلىدۇ. بۇ بىزنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە پەن-تېخنىكىدا مۇقەررەر ھالدا ئارقىدا قېلىشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تىل ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتى مۇشۇ يەردە. دۆلەت تىلىنى بىلمىگەن كىشى بىرەر يېڭى ئۇچۇردىن تولىمۇ كېچىكىپ خەۋەردار بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بەزى كىنولاردىكى ئۇچۇرلارنى ئاڭلىغاندا ئادەم ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىنولار بىزگە 20 ـــ 30 يىل كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىز ياشاۋاتقان دەۋرگە ئاجايىپ ماس كېلىپ قالىدۇ. دېمەك، بىز تېخنىكا ۋە تەرەققىياتتا شۇ كىشىلەردىن 20 ~ 30 يىل كەينىدە قالدۇق دېگەن گەپ.

ئوغلۇم، مەن خەنزۇ تىلىنى بىلمەيمەن، بۇ مېنىڭ ئېغىر سەۋەنلىكىم، بۇ ئەينى چاغدا مېنىڭ ئۇنى ئۆگىنىشكە سەل قارىغانلىقىمدىن بولغان. بۇ ھەقتىكى پۇشايمىنىمنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى بولمىسا كېرەك. پەقەت ساڭا مۇنداق بىر كەچۈرمىشىمنى دەپ بېرەي: مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم بار، ئۇ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى، ئۇيغۇر تىلىنى،

خەنزۇ تىلىنى بىلىدۇ، پەقەت بىرقانچە تىلنى بىلگەن ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئىشنى راۋان بېجىرىپ ماڭىدۇ. ئالدىنقى يىلى ئۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى ئاچقان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىغا باردۇق، مەن بارلىق تىرىشچانلىقىمنى ئىشقا سېلىپ ئۈچ كۈندە 12 پارچە خەۋەر، ماقالە يازدىم، ئەمما ھېلىقى ئادەم كۆپ تىل بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھېچقانچە كۈچىمەيلا مەندىن ئۈچ پارچە ئاشۇرۇپ 15 پارچە خەۋەر يازدى. مەن ئىقتىدار جەھەتتە ئىدارەمدە ئۆزۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمەن، ھەرقانداق كىشى بىلەن دەلمۇدەل مەيدانغا چۈشەلەيمەن، باشقىلارمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق، مەن بۇ قېتىم نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولالمىدىم؟ ئەگەر مەنمۇ ئۇنىڭدەك بىرقانچە تىلنى بىلگەن بولسام، خەۋەر يېزىشتا ئۇنىڭدىن كېيىن قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، كىملەردىندۇر خاپا بولدۇم، ئۆزۈمگە لەنەت ئوقۇدۇم، كۆڭلۈمدە بالىلىرىمنىڭ تىل ئۆگىنىشىگە ھەر زامان ھەيدەكچىلىك قىلىمەن ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىمەن دېگەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم.

ئوغلۇم، مەن بۇ ھەقىقەتنى ئىلگىرى تازا چۈشىنىپ يەتمەيتتىم، باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنسە، ئۆزىنىڭ تىلىنى بېيىتىش، تۇرمۇشىنى باياشات قىلىش، مىللەتنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئانا تىلنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىكەن. چۈنكى، ئادەم مەلۇم تارىخىي شارائىتنىڭ شاھىتى ۋە قۇربانى بولۇپ، شۇ تارىخىي شارائىتتا قانداق ياشاشنى بىلىش زۆرۈر ئىكەن. باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنسە، مىللەت ۋە تىل يوقىلىدۇ دەپ قاراش بىمەنىلىك، نادانلىق

بولۇپ، ئادەمنى غەپلەتتە قالدۇرىدىكەن. تىلنى ئىلمىي پوزىتسىيە، توغرا دۇنيا قاراش بىلەن ئۆگىنىپ، جانلىق، دەلمۇدەل ئىشلىتىشنى بىلسە، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۈكسەك چوققىغا ئۆرلىتىشتە ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدىكەن. قانداقتۇر «ئۆز تىلىم تۇرسا، نىمە دەپ باشقىلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىمەن؟» دېگەندەك قاراشتا بولغان ھەرقانداق ئادەم ئالدىنقى قاتاردىكى نادان ئادەم بولۇپ قالىدىكەن.

ئوغلۇم، ئەينى يىللاردا مەندە مۇنداق پىلان بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، سىنى دەسلىپىدىلا خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتماي، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئاساسىي ئىدىيە سىنى تىل ئۆگىنىشتىن تارتىش ئەمەس، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئانا تىلنى دەسلەپكى يېتىلىشىڭنىڭ ئاساسى قىلىش ئىدى. مۇشۇ تەرەپنى نەزەردە تۇتۇپ سىنى ئانا تىل مەكتىپىدە ئوقۇتۇشنى پىلانلىدۇق. كىملەرنىڭدۇر خەنزۇچە مەكتەپكە بېرىش تەۋسىيىلىرىنى قوبۇل قىلمىدۇق.

سەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى ئائىلىمىزدە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە ئەۋجىگە چىقتى. ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز سىنى خەنزۇچە مەكتەپكە بېرىش ئويىدا بولدۇق. قەشقەر شەھىرىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى خەنزۇچە مەكتەپلەرگە بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم پالانى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇش شەرتى ھازىرلىنىشى كېرەك بولغانلىقتىن، خىيالىمىز سۇغا چىلاشتى، دەل شۇ يىللاردا بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە تەجرىبە سىنىپلىرى بارلىققا كەلدى، ئۇ سىنىپلاردا دەرسلەر پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلەتتى، خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بېرىش شەرت

ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق تەجربە سىنىپلارنىڭ داۋرىگى چوڭ بولسىمۇ، «ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق» بولۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن، ئالىدىغان ئوقۇتۇش ھەققى زىيادە كۆپ ئىدى. بىز ئاخىر ساڭا مەسلىھەت سالدۇق. سەن يۇقىرىدا دېگەندەك بىر قاتار تەسىرلىك، جانلىق بايانلار بىلەن بىزنى قايىل قىلدىڭ. بۇ تاتلىق گەپلەر بىزنى سۆيۈندۈرگەن بولسىمۇ، كۆڭلىمىزدە غەشلىك بار ئىدى. بىراق، سەن دېگىنىڭنى قىلدىڭ! خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش، ھەرقانداق چاغدا قاتتىق مەشىق قىلىش سىنىڭ كۈندىلىك ئادىتىڭگە ئايلاندى، تىل ئۆگىنىش يەنە سېنىڭ بىكار ۋاقتىڭ ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىڭنى پۈتۈنلەي ئىگىلىدى. مەن بەزىلەرنىڭ ئاغزىدىن خەنزۇلارنىڭ خېتىنىڭ كۆپ، مۇرەككەپلىكىدىن زارلانغانلىقىنى، تېخى ئۇلارنىڭ بالىلىق، ياشلىق دەۋرىنىڭ ئۆز خېتىنى تونۇش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەگەر بىزنىڭ يېزىقىمىزدەك 32 ھەرپ بىلەن ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى بولغىنىدا، ئۆگىنىش روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى جەھەتتە دۇنيادا بۇ مىللەتكە يېتىدىغان يەنە بىر مىللەت چىقمايدىغانلىقىنى، شۇ ۋەجدىن ئايرىم خەنزۇ ئالىملارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ خېتىدىن سەسكىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، سېنىڭ خەنزۇچە خەتلەرنى كېچە-كېچىلەردە يادلاشلىرىڭ، تەكرارلاشلىرىڭ، رادىئونىڭ نائۇشنىكىنى قۇلىقىڭغا تىقىۋېلىپ يول يۈرۈشلىرىڭ، خەنزۇچە كىتاب-ژۇرناللارنى تەكرار-تەكرار ئوقۇشۇڭ، زۇنۇن قادىرىنىڭ «ئەسلىمىلەر» دىكى سېلىشتۇرمىلارنى بىرمۇبىر تەتبىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشلىرىڭ... كىشىلەرنىڭ ھېلىقىدەك گەپلىرىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىگە مېنى ئىشەندۈرۈپ قويىدى. ھېلىھەممۇ

ئاشۇ چاغدىكى ھالەتلىرىڭ ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرىدۇ. شۇ تاپتا مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، سېنىڭ ئاشۇ خىل روھىڭدىن قانچىلىك ھاياجانلانغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. روشەنكى، ئادەم جان پىدالىق بىلەن ئىشلىسە، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۆگەنسە، ئادەمىيلىك قىممىتىنى يارىتالايدۇ، ئادەمگە ھەممە نەرسە باش ئېگىدۇ! ئادەمگە ھايات بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، كەلگەن پۇرسەتنى تۇتالىغان ئادەم تەبىئەت ئاتا قىلغان ئەقلىنىڭ پاسىبانىغا ئايلىنالايدۇ!... مۇشۇ يەردە شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئويلىسام، نۇرغۇن ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆمرۈمنى بىھۇدە ئىسراپ قىپتىمەن. تىرىشچانلىقىڭدىن ئىلھاملىنىپ، شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىۋاتىمەن. ۋاقىت بىلەن ئۆمۈرنى، پۇرسەت بىلەن ئىمكانىيەتنى ھەمىشە سەندەك سىجىل، ئىنچىل قانات يايدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن!

ئاناڭنىڭ دېيىشىچە، سەن شاڭخەيدە تۇنجى خەنزۇچە دەرسنى ئاڭلاپ دەمال چۈشىنەلمەي تەمتىرەپ قاپسەن. بۇ سەۋەبلىك بىزنىڭ قانچىلىك ھەسرەت چەككىنىمىزنى بىلەمسەن؟ لېكىن، بىرقانچە كۈندىن كېيىن، بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇپسەن. تۇنجى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا دەرسلەر بويىچە ئالغان نومۇرۇڭدا 40 نەچچە بالا ئىچىدە 15-ئورۇندا بوپسەن، سەندىن باشقا باللارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ياكى تەجرىبە سىنىپلىرىدا ئوقۇغانلار ئىكەن، يازغان خېتىڭدە، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەننىڭ پايدىسىنى بەك كۆردۈم، نومۇرۇم %92كە يەتتى دەپسەن، بۇنى ئاڭلاپ تىل ئۆگىنىشىڭنىڭ شۇقەدەر پەزىلەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇق.

سەن شاڭخەيدە ئىنگلىز تىلىنى بىلىش ئومۇملاشقانلىقىنى ئېيتىپسەن، بۇنى ئاڭلاپ، ئۇلار تەرەققىي قىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇلىنى ساپتۇ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپتۇرۇشتا تىل ئاسسىمىلياتسىيىسىنىڭ ئالدىنى ئاپتۇ دەپ سۆيۈندۇم. بىزدىمۇ شۇنداق بىر ھالەت بارلىققا كەلسە قانداق ياخشى بولاتتى-ھە؟ !

ئەقلىمنى تېپىپ ئويلىسام، بىز خەنزۇ ياكى ئىنگلىز تىللىرىنى 20- ئەسىرنىڭ 50- ياكى 60- يىللىرى ئۆگىنىشكە باشلىغان بولساق، بۇگۈنكى كۈندە مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى تەرەققىياتىمىز ۋە مىللىي سانائەت، ئىگىلىك يارىتىش، قىممەت قارىشى ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىمىز ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يۈكسىلەر ئىكەن. بەزى كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغاندەك ئانا تىلنى تىرەك قىلغان ئاساستا قوبۇل قىلىنغان تىللارنىڭ ئانا تىلنى، مەدەنىيەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قېلىشىدىن قورقۇشنىڭ، مىللەتنىڭ يوقىلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. تىل ئالاھىدە بىر خىل ئالاقىلىشىش ۋاستىسى سۈپىتىدە كىشىلەرنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ، نەتىجىدە ئۆزئارا چۈشىنىش ۋۇرسىتى يارىتىپ بېرىدىغان مەنىۋى، ماددىي قورالغا ئايلىنىدۇ. بىلىش كېرەككى، كىم تىلنى خار كۆرىدىكەن، ئاخىرىدا ئۆزى خار بولىدۇ، چۈنكى تىل ئاجايىپ تەڭداشسىز بايلىق! ئۇ ئەقلىنىڭ، ئەقىللىق ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىنكاسى ھەم ھاسىلاتى بولۇپ، ئادەملەر بۇ بايلىقتىن قانچىلىك پايدىلىنىشنى بىلسە، خالىسا ۋە شۇ يولدا ماڭسا، شۇنچىلىك چوڭ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئوغلۇم، مىللىتىمىزدىن چىققان نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار

ئۆزىنىڭ تىلى بىلەنلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش، قوللىنىش ئارقىلىق ئالەمشۇمۇل نەتىجە يارىتىپ دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغان، ئۆلمەس ئابىدىلەرنى تىكلەپ بەرگەن. شۇڭا، تىل نەدە بولسا ئۆگەن، بىلىم نەدە بولسا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭۈل قەسرىڭگە سال!



# ئارام ئېلىش ۋە پەرۋاز قىلىش

ئوغلۇم، سېنىڭ ئارام ئېلىش كۈنلىرىڭ ۋە ۋاقتىڭ بەكمۇ ئاز ئىدى، قانداق چاغدا ئارام ئالغىنىڭنى، قانداق چاغدا ئۇخلايدىغىنىڭنى بىلمەي قالاتتۇق، كىچە جىمجىتلىقنى پۇش-پۇش تىنىقلىرىڭ، دەپتەر-قەلەملىرىڭنىڭ شىتىرلاشلىرى بۇزاتتى. ئەمما، زېھنىڭنى ھېچنەرسە چاچالمايتتى، ئۆگىنىۋېرىپ ھارغان ۋە تالغىنىڭنى بىلمەي قالامسەنكىن ياكى ئۆگىنىشتىكى مۇشۇنداق بىر خىل سىجىللىقتا كۆنۈپ قالدىڭمۇ، ئەيتاۋۇر، بۇنى بىلىش قىيىن ئىدى، گاھىدا قىلىۋاتقان ئىشىڭ بەك ئاددىيدەك قىلاتتى: ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپلا، ناشتا قىلاتتىڭ، ئائىلىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئىشىكتىن چىقىدىغان ئادەم سەن ئىدىڭ، تېخى مەكتەپكە ۋېلىسىپىت مىنمەي باراتتىڭ، قايتقاندىمۇ پىيادە كېلەتتىڭ. بەزىدە يۈگۈرەيتتىڭ، بەزىدە تېز-تېز ماڭاتتىڭ. بۇ سېنىڭ نەزىرىڭدە بىر خىل ئارام ئېلىش ۋە چېنىقىش ھېسابلىناتتى، مەكتەپتىن ئۆدۈل ئۆيگە قايتىش، ئۆيدىن ئۆدۈل مەكتەپكە بېرىش ساڭا رېفلېكس بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتىڭ، سائەت قانچىدە مەكتەپكە بېرىپ بولۇش، قانچىدە مەكتەپتىن قايتىش، قانچىلىك ۋاقىتتا قايسى مۇساپىنى بېسىپ بولۇش، قايسى دەرس ئارىلىقىدا تەنەپپۇسقا چىقىش، شۇ ۋاقىتتا قانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش... قاتارلىقلارنى ئىنچىكە ھېسابلايتتىڭ. مەن

سىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قائىدە-تەرتىپلىرىڭىنى چوڭقۇر بىلىپ كەتمەيتتىم، پەقەت مەكتەپ تۈزگەن دەرس جەدۋىلى ۋە ئۆزۈڭنىڭ قايسى ئىشلارنى قىلىش ھەققىدىكى ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇش جەدۋىلىڭدىن كۆرۈپ نېمىلەرنىدۇر چۈشەنگەندەك بولاتتىم. ئالدىنقى يىلى بۆرىكىڭدە تاش پەيدا بولغاندا، تېۋىپ بەرگەن دورىنى كۆرسەتمە بويىچە شۇقەدەر ئەستايىدىل ۋە تەرتىپلىك يېگەنلىكىڭنى زادىلا ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن. شۇنىڭغا قاراپ ئىرادەڭنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۆزۈمنى ئالسام ئۆيدە دورا يەپ ساقىيىدىغان كېسەللىككە بەك سەل قارايمەن، شۇڭا دورىنى تولا چاغلاردا ۋاقتىدا يېمەي، تەل-تۆكۈس ساقايماي قالىمەن. سەن بولساڭ دورىنى ساق ئىككى ئاي يېدىڭ، بېرىشقا تېگىشلىك مۇھىم يەرلەرگە بارمىدىڭكى، دورا يېيىشنى ئۆكسۈتمىدىڭ. بۇ جاھىللىقتەك تۇيۇلسىمۇ، بىر خىل كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى گەۋدىلەنگەنلىكتىن، بۆرىكىڭدىكى تاش پات ئارىدىلا چۈشۈپ ئۇنىڭ خەتىرىنى بىراقلا تۈگەتتىڭ.

كېيىنكى يىللاردا ساڭا ئالاھىدە بىر ۋەزىپىنى قەستەن ۋە مەجبۇرىي تاپشۇردۇم، سەن ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ ئۆگزىمىزگە چىقىپ، مەن باققان كەپتەرلەرگە دان، سۇ بېرەتتىڭ، ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ پەي-قاناتلىرىنى تاۋلايتتىڭ. بۇنىڭ بىلەن پائالىيەت سىجىللىقىڭ ئاشسىمۇ، ئارام ئېلىشىڭغا پۇرسەت چىقاتتى، زېھنىڭنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بەدەن-مۇسكۇللىرىڭنى بوشىتىپ، روھىي يېنىكلىك، جىسمانىي جۇشقۇنلۇققا ئىمكان يارىتاتتىڭ. كەپتەر ئۇچقان چاغدا، كۆك ئاسمان، لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇت ياكى باشقا جىسىملارنى كۆرسەڭ، كۆزۈڭنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ياخشىلىنىپ باراتتى. پىژقىرىم ئىسسىق بەدىنىڭدىكى ھۆل

خىلىتلارنى شۇمۇرۇپ، قان ئايلىنىش، نەپەسلىنىش ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى جانلاندۇراتتى. ئارام ئېلىش، بايرام كۈنلىرىدە «كەپتەر بېقىش» ئىچ پۇشۇقۇنى چىقىرىدىغان، ئوبدان ئارام ئالىدىغان، تەبىئەت بىلەن سەمىمىي سىردىشىدىغان ئەھمىيەتلىك پائالىيەتنىڭ بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇنىڭغا كەپتەرۋازلاردەك بېرىلىپ كۈنۈڭنى شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان لايغەزەل بالىلاردىن بولۇپ قالمىدىڭ. نۇرغۇن ئادەملەر، بولۇپمۇ كەپتەر بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەپتەرۋاز ئاتىلىپ قالغان ئائىلىلەردىكى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى كەپتەر بېقىشقا ئۆگىتىپ قويۇپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان، ئۆگىنىشتىن چىقىۋالىدىغان قىلىپ قويىدۇ، بەزىلەر بالىلىرىنى بۇ ئىشتىن توسۇيالماي زارلىنىدۇ. بۇمۇ بالىلارنى بىرەر ئىش بىلەن قانداق ئۇسۇلدا شۇغۇللاندۇرۇشقا باغلىق ئىكەن.

«كەپتەر بېقىش» ئادەتتىكى ئارام ئېلىش كۈنلىرىدىكى پائالىيەتنىڭ بىر قىسمى ئىدى، باشقا چاغلاردا، بولۇپمۇ كانىكۇل ۋاقتىدا سەن ئەڭ ئاۋۋال قىلىدىغان ئىش بىرقانچە كۈنگىچە باش چۆكۈرۈپ تەتىل تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەش ئىدى، ئاندىن قانغۇچە ئۇخلاپ ئۇيقۇڭغا قېنىۋېلىپ، كىتاب كۆرۈش، كۇتۇپخانىلارغا بېرىش، كىتابخانىلاردىن كىتاب سېتىۋېلىش، تەجرىبە سايمانلىرىنى ھازىرلاش، كۆپەيگەن كەپتەرلەرنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىش، ياخشىلىرى ئۇچرىسا سېتىۋېلىش، ئائىلىنىڭ قوشۇمچە ئىشلىرىنى بىجىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتىڭ. بۇ ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىرخىل خۇسۇسىيەتنىڭ ئىدى. يازلىق تەتىل ۋاقتى بىرقەدەر كۆپ بولغاچقا، ھەرقايسى ناھىيە، يېزا-بازارلارغا بېرىپ، ساياھەت قىلىش، تۇغقان يوقلاش، ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن تونۇشۇش، تەسىرات ماقالىسى يېزىش بىلەن شۇغۇللىناتتىڭ. تېخى

ئوكىلىرىنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا يارەملىشەتتىك، ساۋاقداشلىرىنىڭغا دەرس ئۆگىتىش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزۈڭنىڭ ساغلاملىقىڭنى ئاشۇراتتىك، جۇشقۇن روھىي ھالەت يېتىلدۈرەتتىك. ساۋاقداشلىرىڭ توختىماي تېلېفون قىلىپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردىكى ئويۇن-تاماشىنىڭ گېپىنى قىلسا، دەرسنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن باراتتىڭ، بېرىش زۆرۈرىيىتى بولمىسا بارمايتتىڭ. ھەرقانداق چاغدا دەرس تەكرارلاشنى تاشلاپ قويمايتتىڭ ۋە كۇرسلارغا قاتنىشىپ تىل ئۆگىنەتتىڭ.

ئوغلۇم، سەندە ھەقىقىي پەزىلەت، چىدام-جاسارەت بار ئىدى، بۇ ئالاھىدىلىكىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئوبرازىڭنى نۇرلاندۇرغانىدى، پەزىلىتىڭ ساۋاقداشلىرىڭنى تەسىرلەندۈرۈپ، سېنى ئۈلگە قىلىشقا سەۋەب بولغانىدى. بۇ دەرستە چېكىنمەي داۋاملىق ئالغا بېسىشىڭ، نەتىجە قازىنىشىڭنى ماددىي، مەنىۋى تۈۋرۈككە ئېرىشتۈرگەنىدى. تېخىمۇ مۇھىمى گۈزەل كېلەچەك يارىتىشىڭغا ھەيدەكچى بولغانىدى.



# كىتاب ۋە كىتابخۇمارلىق

ئوغلۇم، كىتابنى ئاددىي شەرھلىسەك، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى، شۇنداقلا ماددىي بايلىق يارىتىشنىڭ شوتىسى، مىننەتسىز يېتەكچىسى!

ئوغلۇم، كىتاب — نۇرغۇن ئىختىرالار ئىچىدىكى ئەبەدىي ئۆلمەيدىغان، ئۆپرىمايدىغان ۋە خاسلىقىنى يوقاتمايدىغان ئىختىرالارنىڭ مەنىۋى يەكۈنى، ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ ئەڭگۈشتەرى، ئۇ كىشىلەرگە كىشىلىك ھاياتنىڭ پارلاق مەنزىلىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماياك، چۈنكى ئۇ خىيالىمىزدىكى گۈزەل پەرىشتىلەرگە ئوخشاش بىزنى ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنى چىن قەلبىدىن قەدىرلەپ سۆيگەن ئادەمگە ئالتۇن گۈرزە تەقدىم قىلىدۇ، ھاياتلىق يولىدىكى توسالغۇلارنى سۇپۇرۇپ تاشلاشقا كۈچ-جاسارەت بېغىشلايدۇ. ئۆزىنى قەدىرلىگەنلەرگە ئابىھايات تەقدىم ئېتىپ، ھاياتلىق دەرىخىنى ياشارتىدۇ؛ ئۇنىڭدىن ھەقىقىي بەھرە ئېلىشنى بىلگەن كىشى لەززەت ۋە بەختىيارلىق ھېسسىغا چۆمىدۇ...

ئوغلۇم، كىتابنى قەدىرلەشنى بىلگەن كىشىلەر كۆز قارىچۇقىدەك كۆرۈپ، قىممىتىنى يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ كەلدى، كىتابنى سۆيگەنلەرنىڭ ھاياتلىق يولى داغدام ۋە نۇرلۇق، ئىشلىرى ئۇتۇق ھەم شان-زەپەرگە تولدى. دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا بىزمۇ كىتاب ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۇق.

ئالايلۇق، سۆيۈملۈك بوۋىلىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل كىتابلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» بىزگە يىلتىزىمىزنى ۋە ئۆچكەن تارىخلىرىمىزنى بىلدۇردى، پارلاق مەدەنىيەت، يۈكسەك پاراستىمىزنى نامايان قىلىپ بەردى!

ئوغلۇم، كىتاب شۇنداق ئۇلۇغ ئەڭگۈشتەركى، سەن ۋە مەن يەنە كىملەردۇر، ھەرقانچە تەرىپ ۋە تەشەككۇرلەر بىلەن يېشىپ بېرەلمەيمىز. باھاسى ۋە قىممىتىنى بېكىتىشكە ئامالسىزدۇرمىز. ئەمما، ئۇنىڭ قىممىتىنى چەكسىز ئالەمنىڭ ۋە ھاياتلىقنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا تەتبىقلاش ئارقىلىق نامايان قىلغىلى بولىدۇ. دۇنيادا يەھۇدىيلار كىتابقا شۇنچىلىك ئېتىقاد قىلىدۇكى، كىتابسىز ياشاش ئۆلارغا ئۆلۈم بىلەن باراۋەردۇر. شۇڭا، ئۇلار بالىلىرى ئەقلىنى تاپماستىنلا، كىتاب ئارىسىغا ھەسەل سۈركەپ، بالىلىرىغا تەقدىم قىلىدۇ، بالىلار كىتابقا سۈركەلگەن ھەسەلنى يالاپ يەيدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى نېمە؟ گۆدەك بالىلارغا كىتابتىن ھەسەل چىققىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئۇقۇمنى سىڭدۇرۇش ئارقىلىق، بالىلارنى كىچىكىدىنلا كىتابقا بېرىلىشكە ئادەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ نەقەدەر سەلتەنەتلىك، كىشىنى نەقەدەر ھاياجانغا سالىدىغان ئىش-ھە!

ئوغلۇم، بىز كىتابقا قانداق قارايمىز؟ بۇ سوئال ئادەمنى ھەقىقەتەن ئويغا سالىدۇ، ئۇدۇللا جاۋاب بەرسەك، بىز نۇرغۇن خاتالىق ۋە يالغانچىلىققا يول قويىمىز، ئەجدادلىرىمىز كىتاب يېزىش ۋە كىتاب ئوقۇشقا ئەزەلدىنلا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، تارىخنى خاتىرىلىگەن، نەمۇنىلەرنى، شانلىق ئىجادىيەتلەرنى پۈتۈپ قويغان... بىراق، ئۇ قىسمەنلىك ئىچىدە داۋاملاشقان،

ئۇنىڭ ئومۇملىشىش ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا تەتبىقلىنىشىنى بەك يۇقىرى چاغلاشقا بولمايدۇ. شۇ ۋەجدىن نادانلار تەسىرىنى ئويلىماي كىتابلىرىمىزنى ھەدېگەندە كۆيدۈرۈش، يوقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئاپئاق خوجا دەۋرىدە، نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئىجاد قىلىنىپ ۋە قەدىرلىنىپ كەلگەن تۈمەن مىڭ پارچە يازما-كىتابلىرىمىز بىدئەتچىلىكنى تەرغىب قىلدى، ھاكىمىيەتكە، ئىسلامىيەتكە قارشى تەرغىبات ئېلىپ باردى دەپ قارىلىنىپ ئېچىنىشلىق تۈردە كۆيدۈرۈلدى، شۇ قاتاردا نەچچە يۈزلىگەن كىتابپۇرۇچ، يازغۇچى، تارىخچى، ئالىم، سەنئەتكار... تىرىكلا كۆمۈلدى ياكى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى؛ شۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ ۋە پاكىت تارىخ سەھنىسىدىن بىراقلا غايىب بولدى. 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا يۈز بەرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بولسا، ئاشۇ «جاھالەت پىرلىرى» زامانىسىدا كۆيدۈرۈلۈشتىن ئامان قالغان ۋە كېيىنكى ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن زور بىر تۈركۈم ئىختىرالار، قولىيازما ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار يېڭىۋاشتىن كۆيدۈرۈلدى ۋە ئۇرۇپ چېقىش، بۇزۇش تەتۈر قۇيۇنىدا كۈلى كۆككە سورۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا شۇ زاماندا پەيدا بولغان بىر تۈركۈم قەلەم ئىگىلىرى شوئارۋازلىق، مەدھىيىۋازلىق، ساختىپەزلىككە بېرىلىپ يازغان كىتابلىرىدا تارىخ ۋە ھەققانىيەتنى بۇرمىلاش ئارقىلىق، ئۆزىنى پەردازلاپ، تارىخقا، ئىنسانىيەتكە، ئۆزىگە ھاقارەت كەلتۈردى. ئۇلار: «ۋەتەن دېسەم ۋۇجۇدۇمدا يانىدۇ گۈلخان!» دەپ ساختا روھنى تەرغىب قىلغىنىدا، ئاقىللار: «تۇفى دەپ بىرنى تۈكۈرسەم ئۆچىدۇ شۇئان!!» دەپ تارىخىي شارائىتنى يەكۈنلىدى. 20-ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا بۇنداق روھىي ھالەت تەدرىجىي

تۇگىتىلدى ياكى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. شۇ يىللاردا يىللار خۇددى پاختىا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ئۆزىنىڭ قويىنىدا يەنە بىر تۇركۇم بۈيۈك قولىيازمىلارنى ساقلىدى ۋە زامان ئوڭلانغاندىن كېيىن ئاشكارىلىدى. نەچچە ئەسىرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ كىتابلارمۇ نادان، نامرات خەلق قولىدىن نەپسى بالا، ئەقلى كور، ئەمما ئاز-تولا پۇلى بار پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى، بۇ كىتابلارنى ئەينى چاغدا ئازغىنە پۇلغا سېتىۋالغان ناكەسلەر كېيىن يۇقىرى باھادا ساتتى ياكى بەزىلىرىگە ئادەمنىڭ ئاغزىغا پاتمايدىغان باھانى قويۇپ، پوكىنىغا بېسىپ ياتتى. ئەپسۇس، بەكمۇ ئەپسۇس! 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى بىر ئۆيدە يەنە بىر قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، بىر ئورىگىناللىق (ئول زاماندا هازىرقىدەك نەشرىيات بولمىغانلىقتىن، كىتابلار كۆپ ئورىگىناللىق بولمايتتى، نەشرىيات ئورۇنلىرى ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا دەل ۋاقتىدا سېتىپ بېرىلگەن بولسا، نەشر قىلىنىپ، ساقلىنىپ قالاتتى، ئەمما كۆزى ئاچلىق، نادانلىق ئۇنىڭغا يول قويمىغانىدى) نەچچە مىڭ پارچە قولىيازما هالىتىدىكى مەدەنىيەت، تارىخ كۆلگە ئايلاندى، ئاچ كۆز كىتابپۇرۇچ مەست هالدا يېتىپ تاماكا چېكىش تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئوت ئاپىتىدە هېچقانداق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇ بىر «گۇناهسىز» ئادەم قاتارىدا كۆدە-كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

ئوغلۇم، بۇنى ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقاردۇق، مانا بۇ بىزنىڭ كىتابقا تۇتقان مۇئامىلىمىز، مۇشۇ خىل مۇئامىلىمىز بىزنى ئىزچىل نادانلىق، قاششاقلىق، نامراتلىق، بەختسىزلىككە دۇچار قىلىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە بىز نۇرغۇن كىتابلارنى

ئىجاد قىلدۇق، نەشر قىلدۇق، ئەمما بىزنىڭ كىتابقا تۇتقان مۇئامىلىمىز يەنىلا سۇس، نامرات، قالاق دېھقانلىرىمىز ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەر ئايدا 1000 يۈەنلەپ مائاش ئالىدىغان بەزى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسەك كىتاب توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئۇلار كىتاب ئوقۇمايدۇ، كىتاب سېتىۋالمايدۇ، كىتاب ئوقۇش زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا ئومۇملاشقىنىدا يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىمىز تۈگەر ئىدى، مەدەنىيەت ۋە ئاڭ جەھەتتە، ساپا ۋە ئىقتىدار جەھەتتە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ئادەملەر تېپىغا ئىگە بولار ئىدۇق...

ئوغلۇم، ساڭا دېسەم، بۇ ئىشلارغا بەكلا ئىچىم ئېچىشىدۇ، ئۆزۈمنى ئالسام، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى قىشلىق تەتىلدىكى بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئەينى يىللاردا يېڭى يېزىقتا ساۋاتىم چىققان، كونا يېزىقنى كېيىن ئۆزۈم بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئۆگىنىۋالغان، ئۇ چاغلاردا مەھەللىدىكى دېھقانلارنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەتىگەن-كەچتە يىغىپ مەجلىس ئاچاتتى. مەنمۇ شۇ يىغىننىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ئىدىم، لېكىن، يىغىن ئېچىلىۋاتقان ئۆيگە تىزىپ قويۇلغان كىتابلارنى خالىغانچە ئوقۇشقا بولمايتتى، مېنىڭ ئۇ كىتابلارنى شۇنداق ئوقۇغۇم بار ئىدى، ئاخىر بىر كۈنى كەچتە ھېلىقى كىتاب بار ئۆينىڭ دېرىزىسىنى قايرىپ كىرىپ، بىر پارچە كىتابنى «ئوغرىلاپ» چىقتىم. ئۇنى تىقىپ يۈرۈپ قانچە قېتىم ئوقۇغىنىمنى ساناپ بېرەلمەيمەن. داستان شەكلىدە يېزىلغان 200 بەتكە يېقىن شۇ كىتابنى يادقا ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتتىم، قەلبىمنى بىر خىل شائىرانە تۇيغۇ چىرمىۋالدى، ئۇ كىتاب ماڭا جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تەتۈرلۈكىنى بىلدۈرۈپ قويىدى دېسەم توغرا بولىدۇ. كۆڭلۈمدە بۇنداق ئىشلارنى تەنقىد

قىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. كېيىن مەن ئاشۇ كىتابنىڭ سۈرۈشتىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، نەلەرگىدۇر يوشۇرۇپ قويۇپ ھەر كۈنى دەككە-دۈككىدە يۈردۈم، لېكىن ھېچكىمنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىم ئورنىغا چۈشۈپ، ھېلىقى كىتابنى چاندۇرماي ئاپىرىپ قويۇپ، باشقا كىتابلارنى ئوغرىلايدىغان، ئوقۇپ بولۇپ جايىغا ئەكىرىپ قويىدىغان بولدۇم. مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاشۇ كىتابلاردىن بىلدىم دېسەم مۇبالىغە بولمايدۇ، نېمىشقا دېسەڭ، ئۇنىڭدا مەن ئويلىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى، ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەت، پاكلىق، ئىلمىيلىق چاقناپ تۇراتتى. مەن بىر قېتىم دادام بىلەن ناھىيە بازىرىغا بارغاندا كىتاب ساتىدىغان جاينى ئىزدىدىم ۋە ئاخىر كىتابخانىنى تاپتىم-دە، بەك سۆيۈندۈم. ئەمما، ھېلىقىدەك ئوغرىلىغىلى بولمايتتى، كىتابلارنى مال ساتقۇچىلار بىردىن ئېلىپ بېرەتتى ۋە قاراپ تۇراتتى. قىزىققان كىتابنى شۇ يەردە تۇرۇپ ئوقۇۋالدىم، دادام پۇل بەرگەن ھامان سېتىۋالىمەن دەيتتىم ۋە سېتىۋالغاندىم. ئۇ چاغلاردا كىتابلارنىڭ تۈرىمۇ بەك كۆپ ئەمەس ئىدى، ياخشى كىتاب دېگەنلەرنى بارماق بىلەن ساناشقا بولاتتى. ئەترەتنىڭ كىتابلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ساڭا دېسەم، ئۇ كىتابلارنى كېيىن كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى خالادا، قىش كۈنلىرى ئوچاقفا تۇترۇق قىلىنىۋاتقان ھالدا كۆرۈپ ھەيران قالدىم، ياندۇرقى يىلى ھېلىقى كىتاب بار ئۆيگە كىرسەم، بىرسىمۇ قالماپتۇ، پەقەت بىرنەچچە پارچە «شىنجاڭ گېزىتى»لا توپا بېسىپ تۇرۇپتۇ.

ئوغلۇم، مەندەك ئاددىي بىر دېھقان بالىسىنى بۈگۈنكىدەك ئادەم قىلغان، يەنە كېلىپ ۋىلايەت دەرىجىلىك بىر گېزىتنىڭ

مۇخبىرى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتۇرگەن تۇپ ئامىل كىتاب.
مەن بۇ بۈيۈك ئەنگۈشتەرنىڭ تۇرتكىسى بىلەن
بۇگۈنۈمنى تاپتىم...

ئوغلۇم، مەن ھەر يىلى نۇرغۇن گېزىت-ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىمەن، كىتابلارنى سېتىۋالىمەن، گەرچە ئالدىراشچىلىق تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلمىسەممۇ، بوش ۋاقتلىرىمدا ئانچە-مۇنچە كۆز يۈگۈرتۈپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندە كىتاب جازىسىغا تىزىپ قويىمەن ۋە ئوقۇۋالاي دېگەنلەرگە خۇش بولۇپ بېرىمەن. ئۆمرۈمدە تاپقان پۇلۇمنىڭ كۆپ قىسمىغا كىتاب ئالدىم، بىكار بولسىلا كىتاب ئوقۇدۇم، زېرىكسەممۇ، غەزەپكە كەلسەممۇ، قىلغىلى ئىش تاپالمىسامۇ كىتاب ئوقۇدۇم. ئارام ئېلىشىم، پۇل خەجلىشىم كىتاب بىلەن باغلىنىپ قالدى. دادامغا ئەگىشىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان يىللاردا بولسۇن، يەكشەنبە كۈنلىرى ئاشخانىلاردا ئىشلىگەن چاغلاردا بولسۇن، قولۇمغا كىرگەن پۇللارنىڭ كۆپ قىسمىنى كىتاب ئېلىشقا سەرپ قىلدىم، شۇنداقلا يەنە كىتاب ئوقۇش بىلەن تەسىرات يېزىشنى ھامان بىرلەشتۈرۈپ كەلدىم، يازغانلىرىمنىڭ قانچىلىك كۆپ ۋە رەنىدارلىقىنى شۇ قولىيازمىلارنى كۆرگەندە بىلىسەن. يازمىلىرىمنىڭ بەزىلىرى بەلكىم شۇقەدەر كۈلكىلىك تۇيۇلار؟!

ئوغلۇم، ساڭا يەنە بىرنەرسىنى دەپ قوياي، مەن ئەينى چاغلاردا كىتابىي خىيالپەرەس ئىدىم، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە، دەرس ئۆتۈلۈۋاتقاندا دائىم كىتاب ئوقۇپ، شېئىر، ھېكايە، ماقالە-خەۋەر يېزىپ ئولتۇراتتىم، بىر قېتىم ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچۇم: «ئابلەت جۇمە، سىز دەپ بېقىڭ، ئۈيانمۇ ئېقىن، بۇيانمۇ ئېقىن، ئۈيانمۇ دۆڭ، بۇيانمۇ دۆڭ، سېنى بىر كۈن

كۆرمىسەم ئۆلىمەن دېسە، شېئىر بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ياق!» دېدىم. ئوقۇتقۇچى: «ئەدەبىياتنىلا ئۆگىنىپ، باشقا پەنلەرنى ئۆگەنمىگەن ئوقۇغۇچىنى ياخشى ئوقۇغۇچى دېگىلى بولامدۇ؟» دېدى يەنە. مەن ئۇنچىقماي يەرگە قارىدىم. دېمەك، مەن شۇ دەرىجىدە كىتاب مەستانىسى ئىدىم. خىيالىم دائىم ئوقۇغان رومان، ھېكايىلاردىكى پېرسوناژلاردەك ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى، ئىچىمدە، ئاشۇلارغا ئوخشاش ياشىسام، ۋىجدان-غورۇرلۇق، ھەققانىيەتچى بولسام دەيتتىم. باشقا پەنلەرنىمۇ بېرىلىپ ئۆگىنەي دەيتتىمىۇ، بىردەمدىن كېيىن يەنە بوشىشىپ كېتەتتىم، كاللامغا ھېچ نەرسە چۈشمەي، رايىممۇ ياناتتى، تېخى ھېلىقى ئوقۇتقۇچى بىلەن دەتالاش قىلغۇم، قائىدە سۆزلەپ كىتابىي ھېسسىياتىمنى نامايان قىلغۇم كېلەتتى، قىسقىسى، مەن ئاشۇنداق مەۋھۇم خىيال-تەسەۋۋۇر، مۇبالىغىچىلىك قايىنىمىغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدىم. شۇ چاغدىكى ئۆگىنىش نەتىجەمگە نەزەر سالسام، پەقەت ئەدەبىيات دەرسىدىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلىقىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا پەنلەردىن ئالغان نومۇرۇم 70 بىلەن 80 نىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. تەلىيىمگە ئەدەبىياتقا قىزىقىش ئارتۇقچىلىقىم يېزىقچىلىق سەۋىيەمنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولغانلىقتىن، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلدى، ئىقبال يولۇم ئېچىلدى. ئەسلىدە كىتابقا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ئەمەس، ئىلمىي قاراش ئاساسىدا يېتەكلەنگەن بولسام، كېلەچىكىم تېخىمۇ پارلاق بولار ئىكەن. بۇ تەجرىبىدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئوبدان پايدىلاندۇق. بۇنى ساڭا ۋە ئىنىلىرىڭگە ئۆرنەك قىلدۇق.

ئوغلۇم، مەن سېنىڭ كىتابنى تاللاپ ئوقۇشۇڭنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدىم، بولۇپمۇ قايسى كىتابنى ئوقۇشنى تاللاپ

بېرىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىسەن. مېنىڭچە سەن ئۆزۈڭگە ماس كېلىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشۇڭ كېرەك. ماس كەلمىگەن نەرسىنىڭ ھامان چاتىقى چىقىدىغان گەپ، ئەمما نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمايدۇ، بەلكى بالىلار كىتاب ئوقۇسىلا ياخشى ئادەم بولىدۇ دەپ قاراپ، ماس كەلسۇن-كەلمىسۇن كىتابلا بولسا ئوقۇشقا دەۋەت قىلىدۇ، كىتاب ئوقۇسا زېھنىي ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئۆسىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنداق بالىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاشۇ كىتابلاردىكى قەھرىمانلارنى دوراپ خىيالىي تۇيغۇنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق خىيالپەرەسلىك بالىلارنى بۇزۇپ قويىدۇ، مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆپ ھاللاردا كىتابنى مەقسەتلىك ئوقۇشۇڭنى تەۋسىيە قىلدىم. ھېكايە، رومان، چۆچەك ۋە رىۋايەت شەكلىنى ئالغان ئەسەرلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سەندىن يىراق تۇتتۇم، چۈنكى بالىلارنى خىيالپەرەس قىلىپ قويىدىغان بۇنداق كىتابلارنىڭ بالىلارغا پايدىسى ئەمەس، زىيىنى تېگىدۇ. مەيلى ئۇ چوڭلار توغرىسىدا بولسۇن، مەيلى بالىلار ھەققىدە بولسۇن ياكى قۇرۇق نەزەرىيىنىڭ جۇغلانمىسى بولسۇن ساڭا يولۇقتۇرمىدىم. پەقەت ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئەمەلىيەتتە بار بولغان، تەبىئىي پەنگە دائىر كىتابلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئەكېلىپ بەردىم ۋە ئوقۇشۇڭنى تەۋسىيە قىلدىم. ئەلۋەتتە، كىتابلار شۇنداق كۆپ بولىسمۇ، لېكىن بالىلارغا ماس كېلىدىغانلىرىنى، ياخشىلىرىنى تاللاپ ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىش كېرەك. بالىلار راست نەرسىلەرگە ئېرىشكەندىلا قەلبىدە بىر خىل ھەقىقەت تۇيغۇسى، ئەمەلىيەتكە، نەق ئىشقا ئىشىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ، ھە دېگەندە، ھېلىقىدەك ھېكايىلارغا مەپتۇن قىلىپ قويساق،

باللارنىڭ ئىدىيىسىدە پەرەز بىلەن خىيالپەرەسلىك ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ قالىدۇ. ئىلگىرى سىنى ئوقۇسۇن دەپ ئالغان كىتابلارنىڭ بىرمۇنچىلىرىنى ئۆزۈم ئوقۇپ، ساڭا تەۋسىيە قىلىش نىيىتىمدىن ياندىم، چۈنكى ئۇ كىتابلار سېنىڭ روھىڭغا ئوڭ تاناسىپلىق تەسىر بەرمەيدىكەن. پەقەت شۇلار ئىچىدىن «ئىدىسون ھەققىدە ھېكايە»، «تۇرمۇشتىكى خىمىيە»، «ئائىلىدىكى فىزىكا»، «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟»... ئالىملارنىڭ قىزىقارلىق ئىشلىرى، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تارىخى ۋە شۇنىڭدەك تەبىئەت، يەر شارى، ئىنسانىيەت، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر، مەۋجۇدىيەتلەر ھەققىدىكى كىتابلارنى تاللاپ ئوقۇشۇڭغا بەردىم. ئۇ كىتابلار سېنىڭ ئىدىيەڭدە خىيالنى ئەمەس، ئەمەلىيەتنى، ھەقىقەتنى، نەق نەرسىلەرگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئوقۇغاننى ھەزىم قىلىش كېرەك، دېگەن قارىشىمغا ئاساسەن، ئوقۇغان كىتابلىرىڭدىن تەسىرات يېزىش ياكى تەجرىبە ئىشلەشنى تەلەپ قىلدىم. بۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى، نەتىجىدە سەن «ئېينىشتېيىن ۋە ‹نېمە ئۈچۈن›»، «پەزىلەتلىرىمىز خارلانمىسۇن»، «ھاقارەتلەشمۇ ياكى زىددىيەتكە سېلىشمۇ؟»، «مۇبارەكنامە»، «ئانامسەن، تۇتىيا تۇپراق!» قاتارلىقلارنى يېزىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇردۇڭ. بۇ ئەسەرلەرگە مەن قىلچىلىكمۇ قەلەم تەۋرەتمىدىم، چۈنكى قەلەم تەۋرىتىپ قويسام، ئىككى ئىش يۈز بېرىدۇ دەپ قارىدىم، بىرى، يازغان ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل يازماي، يازغانلىرىنى باشقىلارغا تۈزىتىدىغان بولۇپ قالىدۇ، يەنە بىرى، ماقالىسى ئېلان قىلىنسا، ئىلھاملىنىپ، دەرسنى تاشلاپ قويۇپ، ماقالە يېزىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دەرستە چېكىنىپ كېتىش

ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سەل قارىساق بولمايدىغان ئىش ئىدى، مەن تولا ھاللاردا ماقالە يېزىشىڭنى چەكلەپ كەلدىم، ئەمما سەن بىكار بولغاندا، ئوقۇغان كىتابىڭنىڭ نەتىجىسىنى چىقارمىسا بولمايدۇ دەپ، بايىقى ماقالە، شېئىرلارنى يېزىپ چىقتىڭ.

ئوغلۇم، بۇ بىر ياخشى تەجرىبە، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق پايدىلىنىشقا ئەرزىيدۇ. كونىلار «ئادەمنىڭ بىلىمى چەكلىك، بىلمەسلىكى چەكسىز» دەپ قارايدۇ، بىلگىنىكى، چەكسىز بىلمەسلىكنىڭ سىزىقىنى پەقەت بىلىم، ئۆگىنىش، كىتاب قىسقارتالايدۇ، مانا بۇ كىتابىڭنىڭ خاسىيىتى!



# كومپيۇتېر، تېلېۋىزور ۋە تەمكىنلىك

ئوغلۇم، كومپيۇتېر بىلەن تېلېۋىزور بۈگۈنكى دۇنيادا مەدەنىيەت، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇ بىزگە بەكمۇ كېچىكىپ كەلگەنلىكتىن، بالىلىرىمىزغا بېرىدىغان يامان تەسىرلىرىنى دەل ۋاقتىدا توسۇشنى بىلمەي قالدۇق، بۇ تەجرىبىسىزلىكىمىزنىڭ كاساپىتىدۇر. بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق ياخشى نەرسىنىڭ يامان تەرىپى بولىدۇ، تېلېۋىزور بىلەن كومپيۇتېرمۇ شۇنداق. ئۇ تۇرمۇشتىكى تۈمەن خىل ھادىسە ۋە نەرسىلەرنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن نادان، ئىدىيىسى تۇراقلاشمىغان بالىلىرىمىزنى ئاسانلا ئۆزىگە رام قىلىۋالدى، بولۇپمۇ توردىن ئىبارەت بىر كەڭ بەلۋاغ بالىلارنى خۇددى ھەسەلگە چۈمۈلە ئولاشقاندەك مەپتۇنكارلارغا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭدىكى ياخشى، ئېسىل نەرسىلەردىن كۆرە چاكىنا، ئىپلاس نەرسىلەر، ئىدىيە-ھەرىكەتلەر يۇمران بالىلىرىمىزنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ياش قۇرامىغا ماس كەلمەيدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىش، قىلىپ بېقىش قىزغىنلىقىنى ئۇلغايتىۋەتتى. قانچىلىغان بالىلار تورخانىلارغا كىرىپ ئويناش، دو تىكىش پاتقىقىغا پېتىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ كەتتى، مەكتەپ، ئوقۇش، ئاتا-ئانا، ئەدەپ-ئەخلاق، شەرم-ھايا، كىشىلىك قەدىر-قىممەت دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ، پانىي ئالەمدە باقىي

ئالەمنىڭ لەززىتىنى سۈرگەندەك، غەپلەت ۋە ئازابنىڭ دېڭىزىغا غەرق بولغىنىنى بىلمەيدىغان ھالغا يەتتى. تېخى ئۇلار خوجايىنلارغا نەچچە مىڭ يۈەنلەپ قەرزگە بوغۇلۇپ، ئائىلىسىنىڭ تەئەللۇقاتىنى ئوغرىلاپ ساتىدىغان، ئاتا-ئانىسىنى قەرزگە بوغۇپ قويىدىغان نورمالسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر ئازاب، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كەلتۈرگەنلىكىنى تالايلاپ كۆردۇق. قوشنىلارنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ، خىزمەتداشلارنىڭ باللىرى ئاتا-ئانىلىرىنى بۇ خىل كۆلپەتكە تەكرار دۇچار قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يولدىن ئازدى، بەزىلىرى تاپتىن چىقىپ، تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ، ئىستىقبال يىلتىزىغا پالتا چاپتى. نى-نى يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىلەر، ئەربابلارنىڭ يۈزى تۆكۈلۈپ، ئىناۋىتى يەر بىلەن يەكسان بولدى. بەزى باللار روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ، روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ مەڭگۈلۈك ئازابقا قالدى. بەزى باللار كومپيۇتېرغا خۇمار بولۇپ قېلىش بەدىلىگە چەيلەندى. مەن بۇنى باشقا نەرسىدىن ئەمەس، پەقەت مەدەنىيەت، بىلىم سەۋىيىمىزنىڭ تولىمۇ كەملىكىدىن، تولىمۇ تۆۋەنلىكىدىن كۆرىمەن.

ئوغلۇم، تېلېۋىزور سەن تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال ئائىلىمىزدە بار ئىدى. كومپيۇتېر تۇرمۇشىمىزغا 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كىردى. بىز ئۇنىڭدىن بەك كۆپ تەرەپلىمە پايدىلاندۇق. بۇ جەرياندا نۇرغۇن نەرسىنى ھېس قىلدۇق، تەجرىبە توپلىدۇق. سېنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشۈڭنى، ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ قېلىشىڭنى چەكلەش ئۈچۈن، دەسلەپكى يىللاردا دائىم دېگۈدەك ۋاقىت بەلگىلەپ بەردۇق. شۇنىڭدەك باللار كۆرۈشكە مۇناسىپ كېلىدىغان پروگراممىلارنى كۆرۈش، ماس

كەلمەيدىغان فىلىملەرنى كۆرمەسلىك ياكى ئاز كۆرۈشكە دەۋەت قىلدۇق. ئۆزىمىزمۇ ئىمكان بار ئاز كۆرۈپ، يامان تەسىر بېرىشتىن ساقلاندۇق. ئەمما، كارتون فىلىملەرنى، خەۋەرلەرنى، باللار ھەققىدىكى فىلىملەرنى ھەر كۈنى مۇۋاپىق كۆرۈشىنى چەكلىمەستىن بۇنى ئادەتلىنىشكە ئايلاندۇردۇق.

كومپيۇتېرنى ئالساق سەن ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىڭ، ئۆگەنگەنلىرىڭنى كومپيۇتېرنىڭ ئۆزىدىكى ئۇقۇملاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلەشتۈردۈڭ، بىزمۇ كومپيۇتېرغا ھە دېگەندە ئۇ سىستېما، بۇ سىستېمىنى قاچىلاشتىن ساقلىنىپ، ئۇنىڭغا بېشىڭچە چۆكۈپ كېتىشىڭنى تىزگىنلىدۇق. تورنى ئەمەلدىن قالدۇردۇق. سەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئىشلىتىشكە دائىر بىلىملەرنى ئۆزلۈكۈڭدىن ئۆگەندىڭ، بىز يەنە ھە دېگەندە كومپيۇتېرنى ئېچىۋېلىپ، قانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلىپ بېقىشىڭنى، بىرەر تور بىلەن شۇغۇللىنىپ نەتىجە قازىنىشىڭنى قارشى ئالمىدۇق، چۈنكى نەزىرىمىزدە، كومپيۇتېر بۇ ياشتىكى باللارنىڭ قورالى، ئۆگىنىش ئوبيېكتى ئەمەس، بەلكى ھازىرچە پەقەت ئۇ ھەقتە يۈزەكى چۈشەنچىگە ئىگە بولسىلا بولدى، مۇھىمى دەرس دەپ قارىدۇق.

ئوغلۇم، چوت ئەينى زاماندىكى ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ ئەستايىدىل ھېسابلاش ئۈسكۈنىسى ئىدى، قاچانكى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئىجاد قىلىنىپ بازارغا سېلىنىدى، ئۇ بارا-بارا ئەمەلدىن قالدى. بىراق، چوت ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ ھېسابات قىلىش تەپەككۇرى، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ۋە تۈتۈۋېلىش قابىلىيىتىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈپ بارىدىغان قورال ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھېساباتنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسى ۋە سۈپىتى ئىنتايىن

يۇقىرى ئىدى. ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ سۈرئىتى تېز بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ سەزگۈرلۈكى، تەپەككۇر ئىقتىدارى، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى تۆۋەنلىتىپ، ھە دېگەندە ئۇنىڭغا تايانمىسا ئىش قىلالمايدىغان ھۇرۇن قىلىپ قويدى. نەتىجىدە ئادەملەردە بىخۇدلۇق كېلىپ چىقتى. گەرچە كومپيۇتېر ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرسىمۇ، ئۇ باشقىلار يېتىلدۈرۈپ بولغان ئىقتىدارنىڭ تەكرار پىششىقلىنىشى بولغانلىقتىن، ئۇنىمۇ سۈنئىي ئىقتىدار دېمەي بولمايدۇ. مانا مۇشۇنداق سۈنئىي ئىقتىدار ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان بالىلارغا نىسبەتەن تولىمۇ زىيانلىقتۇر. كومپيۇتېر مەلۇم تۇراقلىق ئىقتىدار، ئىدىيە ۋە مەلۇم چەكلىمە دائىرىسى ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشى ۋە قوللىنىشىغا ماس كېلىدىغان يۈرۈشلەشكەن مەشغۇلات ماشىنىسى بولۇپ، ھە دېگەندە بالىلارنى ئۆگىنىشكە زورلاش — ئۇلارنى ئويۇنغا بېرىلىشكە زورلىغاندەك بىر ئىش بولىدۇ. كومپيۇتېر ئوقۇغۇچىلارغا دەرس مۇنبىرىدىكى بىر تۈرلۈك كەسىپ سۈپىتىدە ئۆتۈلۈشكە باشلىغاندىلا، شۇ دەرىجىدىكى ماس كېلىش دائىرىسىدە ئۆگەنسە بولىدۇ، بۇ بالىلارنىڭ سۈنئىي ئىقتىدارغا ئىگە ئادەم بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئوغلۇم، بۇ مېنىڭ تەپەككۇرۇمدىكى يەكۈن. شۇڭا، سېنىڭ كومپيۇتېرغا ھە دېگەندە بېرىلىپ كېتىشىڭنى قوللىمىدىم، بەزىلەردەك كومپيۇتېر ئېلىپ بەرمىسە، بالىنى ياخشى ئوقۇتقىلى بولمايدۇ دەيدىغان پوزىتسىيىدە بولمىدىم. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار نۆۋەتتە كومپيۇتېرلىشىش شامىلىغا ئەگىشىپ، بالىلىرى كومپيۇتېر بولمىسا ياخشى ئوقۇيالمايدىغاندەك زورۇقۇش بىلەن سېتىۋېلىۋاتىدۇ، ھەتتا بالىلىرىنىڭ توردىن پايدىلىنىپ نەتىجە قازىنىشىغا ھەيدەكچىلىك

قىلىۋاتىدۇ. نەتىجىدە قانداق بولدى؟ بەزى بالىلار كاردىن چىقتى، كومپيۇتېر مەستانىسىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن بىراقلا يالتايدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، كومپيۇتېرنىڭ ئىلغارلىق تەرىپىمۇ بار، يەنى ئۇنىڭ ئوقۇش-ئوقۇتۇش تېمىلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان سىستېمىلىرىدىن خۇددى پايدىلىنىش ماتېرىيالىدىن پايدىلانغاندەك پايدىلانسا بولىدۇ...

ئوغلۇم، بىز سېنىڭ كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش دائىرەڭنى ھەقىقەتەن چەكلىدۇق، گەرچە مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلەلمىگەندە، ئوڭلاپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىپ ئوڭلاتسامۇ، كومپيۇتېر ھەققىدىكى چۈشەنچەڭ ۋە دەرسكە بولغان چۈشەنچەڭ چەكلىمىگە ئۇچرىمىدى. بەلكى، باشقا جايلاردىكى تورخانىلارغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدىكى ئىدىيەڭنى چەكلەپ تۇردى. شۇڭا، سېنىڭ بىرەر قېتىممۇ تورخانىلارغا بارغىنىڭنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، سەن نۆۋەتتە بالىلارنى بۇزۇۋاتقان بۇ «شېرىن يالماۋۇز» نىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇپ قالدىڭ. بىزمۇ ئارامخۇدا ياشاش، خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق. سەندىن پەخىرلەنسەك ئەرزىيدۇ.

ئوغلۇم، زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا باقمىساق، ماسلاشمىساق بولمايدۇ، ئەمما ھەرقانداق ئىشنى بىلىپ، ئاندىن ماسلىشىشىمىز كېرەك. بولمىسا ھېلىقىدەك يامان ئاقىۋەتلىك ئىشلاردىن قۇتۇلالمايمىز، ئۆزىمىزنى ئازابقا سېلىپ قالماي بالىلارنىڭ كېلەچىكىنى نابۇت قىلىپ قويىمىز.

ئوغلۇم، يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيكى، ھەرقانداق يېڭى

نەرسىنىڭ ئىلغار بولۇشى تەبىئىي، ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ياخشى بولۇشى ناتايىن. شۇڭا، يېڭى نەرسىلەرگە ئەستايىدىل قاراش، ئەتراپلىق چۈشىنىش ئارقىلىق ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە پايدىلىنىپ قىممەت يارىتىش، جەمئىيەت ۋە ئېقىمنىڭ قاتلىمىدا شوئارۋازلىق، خىيالپەرەسلىك بىلەن ئەمەس، نەتىجە بىلەن يېڭىلىقنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشنى بىلىش كېرەك. يامان كۆرۈش بىلەن يېڭىلىقنى چەتكە قېقىش بىر خىل يېڭى زامان نادانلىقى بولىدۇ.



# ھوقۇق ۋە پەزىلەت

ئوغلۇم، بىر ئىش ئېسىڭدىمۇ؟ سېنى شاڭخەيگە ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بارغىنىمدا، شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىدىكى ھېلىقى تۇغقىنىمىز مەندىن ئەھۋالىڭنى تەپسىلىي سورىدى. ئۇ پىشقان ئوقۇتقۇچى بولۇپ، سەندىن بەكلا سۆيۈنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: ئوغلۇڭ ئىزچىل ئەلاچى ئوقۇپتۇ، بولمىسا مۇنداق ئالاھىدە ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى، ئۇنىڭ بۇنداق ياخشى ئوقۇيالىشىدىكى سەۋەب، كۆپ تەرەپلىمە رىغبەتكە ئېرىشىپ، ئىلھاملىنىپ تۇرغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدا بىردىنبىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۇنىڭ بىرقانچە يىل سىنىپ ھەيئىتى بولۇپ كەلگەنلىكىدە. بالاڭ شاڭخەيدىمۇ سىنىپ ھەيئىتى بولالىسا تېخىمۇ ياخشى بولغىنى، بولمىسا روھىي ھالىتىدە بىر خىل مەيۈسلۈك يۈز بېرىپ، ئوقۇشىغا نۇقسان يېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى بار، ناۋادا ئوغلۇڭ مەكتەپتىن چېكىنىدىغان ئىشقا دۇچ كەلسىمۇ، سىنىپ ھەيئەتلىك ئىمتىيازى ئۈچۈن مەكتەپ سىناق جازاسى بېرىپ ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن...

قارىماققا راستتەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ گەپ مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۇغقىنىم ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ھاكىمىيەت ھۆجەيرىسىنىڭ نۆۋەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى بەك ئوبدان بىلىدىغان، پايدىلىنىشقىمۇ ئۇستا

ئەرباب ئىدى. ئويلا-ئويلا، دەسلەپتە سىنىپ ھەيئىتى بولمىسا نېمە بوپتۇ، ئۇنى ئىمتىياز ۋە ئۇستۇنلۇك دەپ كەتكىلى بولامتى دەپ ئېرەنشىمىدىم، كېيىن بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدىم... ئوغلۇم شۇتاپتا كىشىنىڭ يۇرتىغا كېتىۋاتىدۇ، ئوقۇش جەريانىدا بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، شۇنداق بولۇپ قالسا... كۆڭلۇمدە ئۇنى ئېتىراپ قىلغۇم بولمىسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇپ قالدىم، ئاخىر تۇغقىنىمىز بۇنىڭ ئامالىنى قىلىشنىڭ چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىغا ئاز-تولا خىزمەت ئىشلەپ قويۇشنى ئېيتتى. مەن تۇغقىنىمىزغا سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن بىر نېمە دېيىشكە ئىپادە بىلدۇردۇم. سەن: ئوشۇقچە باش قاتۇرۇپ كەتمە، ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، مېنىڭ سىنىپ ھەيئىتى بولۇشۇمنىڭ ئوقۇشۇم بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۆگىنىشىمگە تەسىر كۆرسىتىشىمۇ ناتايىن. ئۇ بىركىمگە ھال ئېيتىپ قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئوقۇتقۇچىمۇ سىنىپ ھەيئەتلىرىنى خالىغانچە بېكىتىپ قويالمايدۇ. شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ ئىقتىدارى بولمىسا، ئۆزلۈكىدىن شاللىنىپ كېتىدىغان گەپ. بەلكىم سىنىپ ھەيئەتلىرىنى بىر بېرىپ بىرقانچە ئايدىن كېيىن بالىلار ئۆزلىرى سايلىشى مۇمكىن، دېموكراتىك ئاساستا تىكلەنگەن سىنىپ ھەيئەتلىرىلا خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. شىنجاڭ بويىچە تاللانغان بالىلار ئىچىدە مەندىن ئىقتىدارلىق بالىلار بولماي قالامتىمۇ؟ بۇنى دەپ سىلەرنى ئاۋارە قىلماسلىقىم، باشقىلارنى خىجىل قىلىشتىن ساقلىنىشىم كېرەك... دېدىڭ.

يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇڭ مۇكەررەم ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك، جانلىق، تېتىك، ئوچۇق-يورۇق، سەمىمىي ئايال ئىكەن. سەن تىزىمغا ئالدۇرۇپ ئەتىسى ئۇ ئوقۇتقۇچى سىلەرنى يىغىپ ئاچقان يىغىندا، شاڭخەينىڭ قانداق شەھەر ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ،

كۈتمىگەن يەردىن سەن قول كۆتۈرۈپ، شاڭخەينىڭ ئېچىۋېتىلگەن، تەرەققىي قىلغان دېڭىز بويى رايونى ئىكەنلىكىدەك ئارتۇقچىلىقلىرىنى دەپ بېرىپسەن، بۇنىڭ بىلەن بىر دىنلا داڭقىڭ چىقىپ، ئوقۇتقۇچۇڭلا ئەمەس، ساۋاقداشلىرىڭنىڭمۇ نەزىرى چۈشۈپتۇ… شۇ چاغدا باشقا ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىلىرىدىنمۇ قابىلىيەتلىك بالىلارنىڭ بارلىقىنى تەن ئېلىشتى.

ئوغلۇم، مەكتەپكە بارغان تۇنجى كۈنى غېرىپسىنىپ يىغلىغىنىڭنى ئاڭلاپ، بەك مەيۈسلەندىم، قانچە كۈنلەرگىچە بىر خىل بىسەرەمجانلىق كۆڭلۈمنى غەش قىلدى. ئەتىسى شاڭخەي شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى سېنى زىيارەت قىلىپ، ۋاكالىتەن سۆزلەتكەندىن كېيىن، مەكتەپداشلىرىڭ قۇتلۇقلاپتۇ. بۇ ساڭا زور ئىلھام ۋە مەدەت بوپتۇ. ئالدىنقى كۈندىكى مەيۈسلۈكۈڭ تۈگىگەن بولسىمۇ، قەلبىمدە بەكمۇ مۇشكۇل زىددىيەت داۋالغۇپ تۇردى. ھېلىقى تۇغقىنىمىزنىڭ پىكرى كاللامغا كىرىۋالدى. سىنىپ ھەيئىتى بولالىساڭ، چېكىنىپ كەتمەي تېخىمۇ ياخشى ئوقۇشۇڭ مۇمكىن ئىدى، نېمىشقا دېسەڭ، سېنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشۇڭ ھەققانىي، سەمىمىي، مەردلىككە خاس ئەقىل-پاراسەت ۋە خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەيدۇ، مەن بۇنىڭدىن شۇنچىلىك سۆيۈنىمەن. ئەمما، مەن رېئاللىقتىكى ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىدىم.

ئوغلۇم، بۇ گېپىم ئۈچۈن مېنى بەك دۆت چاغلىمىغىن، 40 يىللىق ھاياتىمدا تۇرمۇش ۋە سىياسىي يۈكلىگەن بىر تالاي كەچۈرمىشلەر ماڭا نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاقلارنى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلمىسەك بولمايدۇ. ھوقۇق مەسىلىسىگە كەلسەم، ھوقۇقسىزلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانلىقىمدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ھوقۇقنى ئادالەتسىزلىك دەپ قارايتتىم. شۇڭا، ئۇنى

قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەشمۇ قىلمىغان، بەدەلمۇ تۆلىمىگەن، ئۇرۇنۇپمۇ باقمىغان. چۈنكى، ھوقۇق مېنىڭ نەزىرىمدە بىر خىل ئاۋارچىلىك ئىدى. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا سابىق باشلىقىم بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۈنى ئۇسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم. ئۇ مېنى ھوقۇقىغا تايىنىپ كوررېكتورلۇق قىلىشقا «ھەيدىدى». مەن بوش ۋاقتىمنى پايدىلىنىپ كىتاب يازدىم، ئىككى يىلدا مەن «ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ»، «ھىممەتنىڭ كۆزىنى ھىممەت ئاچىدۇ»، «چارۋا ماللارنى تېز سەمرىتىش ھەققىدە ھېكايە»، «تېرىم سەن مېنىڭ باغرىم!»، «ئۈچىنچى كۆز»، «پۇل تېپىش ھەققىدە يېڭىچە بايان» (ئىككى قىسىم) كىتابنى يېزىپ، كەينى-كەينىدىن نەشر قىلدۇرۇپ بۇ ئەقلىي ئەمگەك مېۋىلىرىم ئارقىلىق جەمئىيەتتە ۋە كىتابخۇمار ئوقۇرمەنلىرىم ئارىسىدا خېلى ئابرۇي قازاندىم، ئىززەت-ھۆرمەتكىمۇ نائىل بولدۇم. «تىل ئالتۇن ئاچقۇچ» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە كىتابنى تۈزدۈم، تەھرىرلىكنى، كوررېكتورلۇقنى قىلدىم. دېمەك، ئىشىمغا پۇختا بولۇپ پۇرسەت ۋە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمىدىم.

ئوغلۇم، بۈگۈنكى كۈندە، بىز ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ھوقۇقمۇ بىر خىل كەسىپ بولۇپ، قارىسام بۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئاساسى بار ئىكەن. كىشىلىك جەمئىيەتتە ئادەم ۋە ھاكىمىيەتمۇ ئەنئەنىگە ھەم بەلگىلىك قىممەت قارىشىغا بېقىنىشتىن خالىي بولالمايدىكەن.

ئوغلۇم، مەن بۇ يەردە ھوقۇققا چوقۇنۇشنى تەشەببۇس قىلمايمەن، پەقەت ھەرقانداق بىر ئىشقا مۇئامىلە قىلىشتا كۆپ قىرلىق ئۇسۇل بويىچە قاراپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا، ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن قابىلىيىتىگە توغرا باھا بېرىشنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. سېنىڭ سىنىپ ھەيئىتى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىڭغا كەلسەم، بۇمۇ بىر خىل تارىخىي قاراشنىڭ يەكۈنى ئىدى، ئەمما سېنىڭ قارىشىڭ بولسا، ۋۇجۇدۇڭدا يېتىلگەن يېڭىچە بىر خىل قاراشنىڭ يەكۈنى، ئوقۇغۇچىلىق

دەۋردە ھەقىقەتەن سەن دېگەندەك، سەن ئويلىغاندەك بولۇشى كېرەك. بىراق، ئادەمدە بىر نىشان، كۆپ خىل ئارزۇ ۋە پىلان بولمىسىمۇ بولمايدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا يېتىدىغان شوتا ھازىرلاشقا تەرەددۇت قىلىدىغان جاسارەت ۋە ئىرادە بولىدۇ. سېنىڭ سىنىپ ھەيئىتى بولۇش ئارزۇيۇڭ بولمىسىمۇ، بىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلدۇق، بۇ ئىش ئويى-خىيالىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغاندا، يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇڭ بىزگە تېلېفون قىلىپ، سېنى خۇددى قەشقەردىكى ئوقۇتقۇچىلىرىڭ ماختىغاندەك ماختاپ بىزنى ھاياجانغا چۆمدۈردى. سېنى ساۋاقداشلىرىڭ تېخى سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى قىلىپ سايلاپتۇ. مەن سەندىن باشقىچىلا سۆيۈندۈم، ئاناڭ، ئۇكىلىرىڭ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارمۇ پەخىرلەندى!

ئوغلۇم، سىنىپ ئۆگىنىش باشلىقىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدىغان مەجبۇرىيىتى ئېغىر. يەنە بىر نۇقتىدىن بۇ مەجبۇرىيەت ساڭا ھەمىشە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يامان تەرىپىمۇ بار، ياخشى تەرىپى، سەن ئۆگىنىشتە داۋاملىق ئالغا باسسەن، ۋۇجۇدۇڭدا مەلۇم دەرىجىدىكى باشقۇرۇش ئىقتىدارى تەبىئىيلا يېتىلىدۇ؛ يامان تەرىپى، قاتتىق چارچايسەن، ھەتتا نېرۋا جەھەتتىن نابۇت بولۇشۇڭ مۇمكىن. سەن بۇنىڭغا دىققەت قىلغىن، ئارام ئېلىشقا، ئۆزۈڭنى كۈتۈشكە، ئاسراشقا ئالاھىدە دىققەت قىلغىن؟!



سېنىڭ قىزىقىدىغىنىڭ ھوقۇق ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك بايلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇقا ئىگە قىلىدىغان، نۇر-زىيالارغا پۈركەيدىغان بىلىم!

# نۇتۇق ۋە دەل تۇرۇش



ئوغلۇم، سېنىڭ نۇرغۇن ئىشلاردا دەل تۇ- رۇپ، ھەققانىيەت ئۇچۇن كۆكرەك كەرگىنىڭنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم، ئەمما بىۋاستە كۆرگەنلىرىم ئاز ئىدى.

سىلەرنى شاگخەيگە ئۆزىتىش مۇراسىمى قەشقەردە ئېچىلغاندا، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بولۇپ سۆز قىلدىڭ، نۇتۇق تېكىستىنى تەييار قىلىپ بىرنەچچە پۇرسەت تاپالمىغان بولسامۇ، ئەمما ئۆزۈڭ رەھبەرلەرنىڭ تەلپىي بويىچە قىسقا، لېكىن تولىمۇ جانلىق بىر تېكىست يېزىپسەن، ئۇنى يىغىندا ۋە تېلېۋىزىيە مۇخبىرىنىڭ ئۆز ھېسسىياتىڭ توغرىسىدا سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە تولىمۇ جاراڭلىق ۋە يېقىشلىق بايان قىلدىڭ.

«ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، ئاتا-ئانىلار، سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار!

مەن شۇتاپتا ئۇمىدكە تولغان ھاياجان ۋە ئىپتىخارلىق

ئىچىدە قەلبىمدىكى تەشەككۇرۇمنى ئىزھار قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. بۇ يەردە ئۇلتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن بەخت نۇرى، چىرايىدىن پەخىرلىنىش، سۆيۈنۈش ئالامەتلىرى، ئۈمىدكە تولغان ئىشەنچ كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلاردا بىز مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن دەۋرنىڭ، بولۇپمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ئەسكە ئالماي تۇرالمايمىز. پارتىيىمىز ئۇلۇغ پارتىيە، ئۇنىڭدا شۇنداق بىر پەزىلەت باركى، ئۇ بىز ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشى ئۈچۈن، كۆپ تەرەپلىمە، ئەمەلىي، جانلىق ياردەملەرنى بەردى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ تەرەققىيات پىلانىنى پۈتكۈل دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق پىلانىغا كىرگۈزۈپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى، يارامىلىق ئادەم بولۇشى ئۈچۈن ئايانماي مەبلەغ سالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، يېڭى دەۋردىكى مائارىپ ئىسلاھاتى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىش، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئىچكى جايلاردىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ئاچتى، بۇ، پارتىيىنىڭ كەڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يارىتىپ بەرگەن تولىمۇ تېپىلغۇسىز پۇرسىتى.

مەن ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا

شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئىچكى جايلاردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئېچىلغانلىقى جايلاردا، شۇ جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، مائارىپ تارماقلىرى ۋىلايىتىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئۇ يەردىكى سىنىپلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، باللارغا جانلىق، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئارقىلىق، قولاي ئوقۇش، تۇرمۇش شارائىتى يارىتىپ بەرگەن، ئۇ يەرلەردىن كەلگەن تەسىرلىك ئىشلار، باللارغا قىلىنغان چەكسىز غەمخورلۇقلار بىزنى ۋە ئاتا-ئانىلارنى خاتىرجەم قىلدى ھەم چەكسىز تەشەككۈرگە نائىل قىلدى.

مەن بۇنداق پۇرسەتنى، غەمخورلۇقنى كۈچلۈك ئەقىدە بىلەن قەدىرلەش كېرەك دەپ قارايمەن، چۈنكى ئىچكى جايلاردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئاتىلىشقا ئاددىي ئاتالسىمۇ، بىز ياش-ئۆسمۈرلەردە بىر خىل كۈچلۈك ئىنتىلىش، ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش قىزغىنلىقى، رىقابەت كۆز قارىشى يېتىلدۈردى. ئۇ بىزنىڭ سەببىي، گۈدەك قەلبىمىزدىكى تۇرغۇنلۇقنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يارامىلىق ئەۋلاد بولۇش ئىشەنچىمىزنى مۇستەھكەملىدى، مانا بۇ پارتىيىنىڭ كەلگۈسىدە شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، گۈللەندۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇل ھازىرلايدۇ، ۋەتەننىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ.

مەن بۇ قېتىم ئوقۇشقا ماڭغان ساۋاقداشلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايە، ئورتاق نىشان ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۇتۇق قازىنىشىغا ئىشىنىمەن!

ئاتا-ئانىلارنىڭ بىزدىن خاتىرجەم بولۇشىنى چىن قەلبىمدىن تىلەيمەن. بىزدەك بىر تۇركۇم يارامىلىق ھەم سۆيۈملۈك بالىلارنى يېتىشتۈرگەن ئانا تۇپراققا، قەدىردان ئاتا-ئانىلارغا، ئۇستازلارغا مىڭلارچە تەشەككۈرۈمنى پەقەت رەھمەت دېگەن بىر سۆز بىلەن ئىپادىلەيمەن. رەھمەت، مىڭلارچە رەھمەت!

ھۆرمەت بىلەن: ئابدۇسالامجان ئابلەت

2003-يىل 8-ئاينىڭ 21-كۈنى، قەشقەر»

ئوغلۇم، بۇ نۇتقۇڭنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى بولمىسمۇ، ئۇنىڭدىكى مەنتىقىنىڭ جايىدا قويۇلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بالىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۈرنەك بولسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئوي بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمەن. بۇ مەن بىۋاسىتە كۆرگەن ۋە قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىش. بۇنىڭدىن بىرقانچە ئايلار ئىلگىرى سىنىڭ ساۋاقداشلىرىڭ ۋە ئوقۇتقۇچۇڭدىن يەنە بىر ئىشنى ئاڭلىدىم. شۇ كۈنى سىلەرگە ئەمگەك دەرسى بېرىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى فىزىكا دەرسى بېرىدىغان يەنە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى ۋاكالىتەن ئۆتۈش ئۈچۈن كىرىپتۇ ۋە نېمە سەۋەبتىندۇر، كىشىنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن مۇنداق بىر گەپنى توساتتىن دەپتۇ:

— بىز خەقنىڭ فىزىكا دەرسىنى ئۆگىنىپ بىرەر ئىجادىيەتنى يارىتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ھازىر تۈمەن مىڭ نەرسە ئىجاد قىلىنىپ بولدى، سىلەر ۋە بىز ئىجاد قىلغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىدى، بىز ئەڭ ياخشىسى ئۈمىچىمىزنى ئىچكىنىمىز تۈزۈك، فىزىكىنى ئۆگەنگەندىن كۆرە تىككۈچىلىك كۇرسىغا بېرىپ، بىرەر شىمنى پىچىپ تىكىشنى، ئاشپەزلىك كۇرسىغا بېرىپ، بىرنەچچە خىل قورۇمىنى قورۇش ۋە تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىۋالساڭلار، پۇل دېگەن قولۇڭلارغا ساماندەك

كېلىدۇ، نېمە پايدىسى قۇرۇق خىيال بىلەن يوق نەرسىگە ئىشتەي ساقلىغاننىڭ؟ ھازىر ئېقىۋاتقىنى پۇل، پۇل تاپقان نوچى، ئاز بولسىمۇ نېسى بولمىسا، ئەۋزىلى شۇ، فىزىكا ئۆگىنىپ پۇل تېپىشنى خىيال قىلما، فىزىكا ساڭا ئەسقاتمايدۇ، ئالىم بولساڭمۇ پۇل بولمىسا، ئالىملىقىڭ بىكار...

سەن شۇ ھامان:

— مۇئەللىم، بۇ گەپلىرى تازا توغرا بولمىدىغۇ دەيمەن؟ قانداقسىگە پەن-تېخنىكا پۇل بولمىغۇدەك؟ دۇنيادا ئىجاد قىلىشنى كۈتۈۋاتقان يەنە نۇرغۇن نەرسە بار...— دەپسەن.

مۇئەللىم:

— سەن كىچىك، بىلمەيسەن، پەن-تېخنىكا دېگەن پەن-تېخنىكا، ئۇ پۇل ئەمەس! — دەپتۇ ئاچچىقلاپ.

سەن بوش كەلمەي:

— تېخى بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا دۆلەت رەئىسى دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات، دۆلەت مۇداپىئەسى، ھەربىي ئىشلار، دېڭىز قاتنىشى، ئالەم بوشلۇقى تەتقىقاتى قاتارلىق ئىشلاردا پەن-تېخنىكا تۆھپىسى ياراتقان بىر تۈركۈم ئالىم، ئىجادكارلارنى 5 مىليون يۈەندىن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلاپ ئالاھىدە ئوردېن بەردى، بۇنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىلا؟ — دەپ سوئال قويۇپسەن.

ئوقۇتقۇچى چالۋاقاپتۇ:

— سەن ئۇلارغا ئوخشامسەن؟...

— نېمىشقا ئوخشىمايدىكەنمىز؟ بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش ئادەم، ئۇلار قىلغاننى بىز نېمىشقا قىلالمايدىكەنمىز؟ ئەجەبا، سىلى بىزنى شۇنداق ئادەم بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەمەس، تىككۈچى، ئاشپەز بولۇش ئۈچۈن تەربىيىلىمەكچىمۇ؟

— تولا ئاغزىمنى غىرىچلىما!

ئۇ بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، بوغۇنلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا بىزنىڭ باغۇنىمىز. سىلەرنى يارامىلىق ئەۋلاد قىلىپ تەربىيىلەيدىغان ئادەم، بۇ تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان گەپمۇ؟ بۇنداقلار مۇشۇ بىرلا ئادەممۇ؟ ياق، بىزدە مۇنداق ئوقۇتقۇچى، تەربىيىچىلەر ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ تېگىدىن ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى بولمىسىمۇ، مۇشۇ ساھەگە كىرىپ قالغان. ئىقتىدارى بولمىسىمۇ، دەرس ئۆتۈش شەرىپىگە ئېرىشىپ قالغان. سېنىڭ ھازىر جاۋابلىقىڭ ئۇنىڭ كاچىتىغا ئۇرغان بولسىمۇ، بۇ يەردە بىرنەرسە بىزگە شۇقەدەر ئايدىڭلىشىپ قالدىكى، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلى، ئاشۇنداق قابىلىيەتسىز ئادەملەرنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىشىگە چىداپ تۇرساق بولمايتتى. ئەمما، بىزنىڭ رەھبىرىي تارماقلىرىمىز، كۆپچىلىك ئاتا-ئانىلار سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ خەتىرىنى ۋاقتىدا تۈگىتىشنىڭ يولىنى قىلىپ ئۇنداقلارنى سەپتىن قالدۇرۇش ياكى قايتا تەربىيىلەپ، سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش تەدبىرىنى قوللانمايۋاتىدۇ.

ئوغلۇم، يەنە بىر ئىش ئېسىمدىن زادىلا چىقمايدۇ. سېنى يولغا سالغىلى ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئەتىسى سېنى چوڭ ئاناڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدىغان بولۇپ قالدىم. لېكىن، ئورمانچىلىق مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ سەرەڭگە زاۋۇتىغا قانداق ماڭىدىغانلىقىنى بىلمەي سەل تەمتىرىدىم. بىركىمدىن سوراشنى بىئەپ كۆردۈم-دە، دەرھال بىر تاكسى ئاپتوموبىلىنى توسۇپ، شوپۇرغا سەرەڭگە زاۋۇتىغا بارىمىز دېدىم. ئۇ ئانچە ياخشى بولمىغان خەنزۇچە تەلەپپۇزۇمدىن باشقا يەردىن كەلگەن ئادەملىكىمنى پەملىدى بولغاي، ئۇنى-بۇنى سوراپ، بىزنى گەپكە

سېلىپ، پويىز ئىستانسىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، مەن: «يولنى خاتا ماڭدىڭ» دېسەم، ئۇ: «ياق، خاتىرجەم بول، سېنى دېگەن يېرىڭگە ئاپىرىپ قويىمەن» دېدى. مەن: «يولنى ئارتۇق ماڭساڭ پۇل بەرمەيمەن» دېسەم، ئۇ: «ئۆلچىگۈچكە قانچىلىك چىقسا، شۇنچىلىك بېرىسەن» دېدى. شۇ ئارىدا بىز خېلى ئۇزاپ كەتتۇق، مەن: «بىزنى قايسى يول بىلەن ئاپىرىسەن» دېسەم، «مۇشۇ يول بىلەن ئۇدۇل ئاپىرىپ قويىمەن» دېدى. مەن: «بىزنى سەن نەگە ئاپارماقچى؟» دېدىم. ئۇ: «سىلەرنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىمەن» دېدى. بىز ئۇنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئېيتساق، ئۇ بىردىنلا ئۆرۈلۈپ، سىلەر پويىز ئىستانسىسىغا بارىمىز دېدىڭلار، دەپ كۆكەملىك قىلدى. بۇنىڭغا زەردەم قاتتىق قايندى. شۇ چاغدا سەن: «بىز ساڭا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، سەرەڭگە زاۋۇتىغا بارىمىز دېدۇق، خۇپسەنلىك قىلماي ئارقاڭغا يان» دېدىڭ. ئۇ: «يانمايمەن، مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قال، بۇ يەرگىچە مۇساپىنىڭ پۇلىنى تۆلەيسەن» دېدى. سەن «زەن» بىلەن «چاك» خېتىنىڭ يىلتىزى، ئوخشىماسلىقى ۋە ئاھاڭى، ئىشلىتىلىش ئورنى قاتارلىقلارنى بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، بايىقى خەنزۇنى تەمتىرىتىپ قويدۇڭ، ئاندىن: «بىزنى ئەسلىي جايىمىزغا ئاپىرىپ قويىسەن، بولمىسا، قانچىلىك بەدەل تۆلىسەممۇ سەن بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان» دېدىڭ. ئۇ بوشىشىپ ئارقىسىغا ياندى ۋە بىزنى ھېلىقى جايغا ئاپىرىپ قويۇپ: «40 نەچچە كىلومېتىر يولنى بىكارغا ماڭدىم، ئەمدى سىلەرنى سەرەڭگە زاۋۇتىغا ئاپىرىپ قوياي» دەپ تۇرۇۋالدى. سەن دەرھال: «سەندەك مۇلازىمەت سۈپىتى تۆۋەن، ئىشەنچسىز، ئىناۋەتكە سەل قارايدىغان كىراكەشنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرمايمىز» دېدىڭ. ئۇ خۇرسىنىپ كېتىپ قالدى، بىز يەنە

بىر ئاپتوموبىلنى توسۇپ چىقتۇق. سەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، بايىقى گەپلەرنى دەپ قاتناش تەرتىپلىرىنى بىرمۇبىر سوراپ مېنى نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە قىلىپ قويدۇڭ.

ئوغلۇم، سېنىڭ هازىرجاۋابلىقىڭ، دەللىكىڭ، كەسكىنلىكىڭ ۋە تەمكىنلىكىڭ مېنى قانچىلىك هاياجانغا سالغانلىقىنى بىلمەيسەن! مەن شۇنداق سۆيۈندۇم، كۆزلىرىمدىن هاياجان ياشلىرى تۆكۈلدى. ساڭا بولغان ئىشەنچىم ئاشتى، سەن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراق جايغا كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىڭدا ۋۇجۇدۇمدىن غەم يىراقلاپ، خاتىرجەم بولدۇم.

ئوغلۇم، ئادەم هاياتتا نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقىدۇ. بىزنىڭ يولۇققىنىمىز تېخى هېچ گەپ ئەمەس، ئەمما هەرقانداق ئىشتا ئېهتىياتچان بول، چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلا ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبىسىنى ئۆرنەك قىلىشنى ئۇنتۇما. هە دېگەندە هازىرجاۋابلىق قىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ، ئازار بېرىپ يامان كۆرۈنۈپ قالما. ئۇنداق دەۋر ساڭا هامان كېلىدۇ، شۇ چاغدا قىلساڭمۇ كېچىكمەيسەن. قىزىققانلىق قىلما، بۇ سەندىن كۈتىدىغان يەنە بىر مۇهىم ئۈمىدىم.



# ئەجدادلىرىمىز ۋە جەسۇرلۇق

## مۇقەددىمە



ئوغلۇم، كونىلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى نەسەب بىلەن باغلاپ مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇنىڭ بەلكىم مەلۇم ئاساسى باردۇ، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، چوڭلار سىناقتىن ئۆتمىگەن ئىشقا ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، بىز بۈگۈنكى كۈندە ئاتا-بوۋىلار يەكۈنلىگەن بەزى ئىلمىي، ئاساسى بار ھۆكۈملەرنى قارا-قويۇق قارىلاپ، كونا، قالاق دەيدىغان بىر خىل قاراش بىلەن ئىنكار قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. نەرسىلەرگە بۇنداق يۈزەكى قارىساق، ئۆزىمىز زىيان تارتىپ قالىمىز. ئەسلىدىكى گەپكە كەلسەك، سىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشۇڭنى يالغۇز مۇشۇ دەۋردىكى ئىمكانىيەتتىن دەپ قارىساق بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. پسىخولوگىيە، گېن تەلىماتى تەتقىقاتى نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئاتا-بوۋىلارنىڭ گېن ماددىلىرىنى مۇھىم مەنبە ئەمەس دەپ قاراشقا تېخىمۇ

بولمايدۇ. ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئۇلاردىكى نۇرغۇن ئىلغار نەرسىلەرنىڭ سېنى ئۆز قوينىغا ئېلىشى تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى، سەن ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئىزباسارى، مەنىۋى جەھەتتىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى!

## دادام جەسۇر ئادەم ئىدى

ئوغلۇم، مېنىڭ دادام — جۇمە (تۇماق) قۇربان بەكمۇ جەسۇر ئادەم ئىدى، مەن بۇ يەردە ساڭا بىر گەپنى ئېيتسام، سېنىڭ دادامنى «چوڭ دادام» دەپ ئاتىشىڭ ئەنئەنە نۇقتىسىدىن ئالغاندا مۇناسىپ ئەمەس، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي يوسۇندىكى ئاتىشىمىز بويىچە سەن دادامنى «زو دادام»، ئانامنى «زوئانام»، ئاناڭنىڭ دادىسىنى «چوڭ دادام»، ئانىسىنى «چوڭ ئانام» دېيىشىڭ كېرەك ئىدى، بىزمۇ شۇنداق ئاتايتتۇق. بۇ بىزنىڭ ئىككى ئائىلىنىڭ ئادەملىرىنى بالىلارنىڭ، جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئايرىشى ئۈچۈن ئاتا-بوۋىلاردىن قالغان ئادەت ئىدى. بۇ يەردىكى «زور» بىلەن «چوڭ» ماھىيەتتە كۆپ ياكى چوڭ-كىچىكلىكنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل مىقدار سۆزى بولسىمۇ، ئاتاش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، پەرقى خېلىلا زور. «زو» سۆزى ئەسلىدىكى «زور» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئادەملەرگە ئىشلىتىش، ئېغىز تىلىدا قوللىنىشتا «ر» ھەرپى چۈشۈپ قالىدۇ، «چوڭ» بىلەن «زو» بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ بەرسىمۇ، ئادەملەرگە قوللانغاندا بېرىدىغان ئۇقۇمى ئوخشاش بولمايدۇ. يەنى «زو دادام»، «زوئانام» دېگەن ئاتالغۇ «چوڭ دادام»، «چوڭ ئانام» دېگەن ئۇقۇمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر خىل تۇيغۇ-قاراشنى ئىپادىلەيدۇ. بىزدە نۇرغۇن نەرسىلەر مۇشۇنداق ئايرىلىدىغان ئىش بار. بىراق، بۈگۈنكى كۈندىكى

كىشىلەرنىڭ بۇنداق نازۇك تەرەپلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، نۇرغۇن نەرسىلەر ئارىلىشىپ كەتتى ۋە ئەمەلدىن قالدى، نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئىسىم-ئاتىلىشى ۋە قوللىنىلىشى ئۆزگەردى، نازۇك، كەڭ ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگىلى بولىدىغان تىلىمىزدا بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى مېنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئەسلىي گەپكە كەلسەم، دادام ئۆمرىدە ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلغان، نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى ئۆگەنگەن، چېلىشىشتا داڭق چىقىرىپ، شەرەپ مۇنبىرىنىڭ ساھىبى بولغان ئادەم ئىدى. ئائىلىسىنىڭ بەختىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بارلىق ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ پۇل تاپاتتى، بىزنى ۋە ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى پاراۋان ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ غېمىدە كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلەيتتى...

دادام ئۈمىدىنى ماڭا باغلىغان ۋە بارلىقىنى ئاتاپ ئوقۇتقانىدى. كۆڭلىدە مېنى ئىنى-سىڭىللىرىنىڭ پاناھگاھى بولۇپ يېتىشىپ چىقسا دەيتتى، مەن ئارقىلىق كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۈمىد باغلايتتى. چۈنكى، دادام ئازاب تارتىسمۇ كۈلۈپ ياشايتتى، خۇشاللىقنى ئېرىشىسمۇ مەغرۇرلىنىپ كەتمەيتتى؛ بىر كۈن ياشىسا، بىر كۈنلۈك ھاياتنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمايتتى. دوستقا زىيادە كۆيۈملۈك، دۈشمەنگە ئاجايىپ قەھرلىك ئىدى، ھەق-ناھەق تۇيغۇسى كۈچلۈك، كەسكىن، قورقۇمسىز ئادەم ئىدى... ھاياتنىڭ چىن مەنىسىمۇ دەل ئاشۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق ئىپادە تاپىدىكەن... ھازىر ئويلىسام، ئۇ تولىمۇ توغرا قىلغانىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىزىنى باستىم دېسەم بولىدۇ. چۈنكى ئوبدان ئوقۇدۇم ۋە تۇغقانلىرىمغا راستتىنلا باش پاناھ بولدۇم، مانا ئەمدى دادامنىڭ ئۈمىدى بولغان سىلەرنى

ئوقۇتۇش، يارامىلىق ئادەم قىلىش يولىدا تىركىشىۋاتىمەن. سىلەرنىڭمۇ دادامنىڭ يۈزەكى بولسىمۇ يىراقنى كۆزلىگەن ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوتىدا يېنىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئوغلۇم، جاسارەتلىك ئادەمدىن يارامىلىق ئىزباسار، يارامىلىق رولچى يېتىشىپ چىقىدۇ. سېنىڭ جاسارەتلىك بالا بولغىنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئۈمىدىمنى ئاقلىشىڭنى، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشۇڭنى تىلەيمەن!

## مۆجىزە ئاخىر يارالدى

ئوغلۇم، چوڭ داداڭمۇ جاسارەتلىك ئادەم، ئەقلىنى كامىللىق بىلەن ئىشلىتىشكە كەلگەندە مەن-مەن دېگەنلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇ نى-نى سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھايات-ماماتلىق دۇنياسىدا بىر كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ، تارىخنى ھەيران قالدۇرغان...

چوڭ داداڭ — ئاناڭنىڭ دادىسى، مېنىڭ قېيناتام؛ چوڭ ئاناڭ — ئاناڭنىڭ ئانىسى، مېنىڭ قېينانام. بۇ بىزنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاتاش ئۇسۇلىمىز. ئەمما، ھازىر كىشىلەر، بولۇپمۇ شەھەرلىكلەر ئۆزىنى قەدىرلەشنى بەھۇدە تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، قېيناتا بولغۇچىنى قارل-قويۇق «دادا»، قېينانا بولغۇچىنى قارل-قويۇق «ئانا» دەيدىغان ئادەت شەكىللىنىپ قالدى، ھەتتا بەزى ئانىلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن كىچىك كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىپ، بالىلىرىنى «ئانا» دېگۈزمەي، «ئاچا» دېگۈزىدۇ، بۇ كۆپ قېتىم تەنقىد قىلىنغاندىن كېيىن، مانا ئەمدى بىزدە «ئاپا» دەيدىغان بىر خىل ئاتالغۇ پەيدا بولدى. بۇ دەل ئاشۇ «ئانا» ياكى «ئاچا»

بولۇپ، مەلۇم بولۇشچە ئۆزبېك تىلىدا «ئاپا» سۆزى بىز دەۋاتقان «ئاچا» دېگەن بولىدىكەن. بۇنداق ئاتاش قەشقەر شەھىرىدە نىسبەتەن ئېغىر، يېزا-بازارلاردا ئانچە ئەمەس. مانا ئەمدى قارايدىغان بولساق، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئىشلەنگەن كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ ھەممىسىدە «ئانا» سۆزى «ئاپا» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. قارىماققا شۇنداق ئاتىسىمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىراق، ئۇقۇم بىلەن ماھىيەت ئېنىق بولغىنى تۈزۈك. بەزى ئاياللار ۋە ئەرلەر تېخى «يولداش» دېگەن سىياسىي ئۇقۇمدىن كېلىپ چىققان سۈپەت سۆزىنى «ئېرىم، خوتۇنۇم» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىپ، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسىنى كىچىكلىتىپ، تىل گادايلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسى شۇنداق كەڭكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر تىل ئۇنىڭدەك نەپىس، ئەۋرىشىم، لۇغەت تەركىبى كەڭ، مول ئەمەس. لېكىن، بالىلىرىمىزنىڭ ئانىسى، ئىنسان ھاياتلىق زەنجىرىنى چاتقۇچى ئانىلار تىلىمىزنى بۇزغۇچى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىلاردۇر. چۈنكى، بالىلارنىڭ تىلى ئانىنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق چىقىدۇ. نۆۋەتتە تىلىمىزدىكى ئاتالغۇ، ئىسىملارنى ئانىلار بۇزۇۋاتىدۇ، بۇ بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. بۇ قېتىم مېنى خۇشال قىلىپ، يازغان خېتىڭدە «ئاتا» دەپ ئاتاپسەن، بۇ بىزنىڭ قەدىمىي ئاتالغۇلىرىمىزنىڭ بىرسى بولۇپ، چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىقنى ئىگە.

بىزنىڭ تىلىمىز نېمىشقا شۇنچە تېز بۇزۇلۇپ كېتىدۇ؟ تۇپ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئومۇمەن بىزنىڭ نادان، مەدەنىيەتسىزلىكىمىزدىن بولدى. ئەگەر مەدەنىيەت ساپايىمىز يۇقىرى بولغىنىدا ئاشۇ ئاتالغۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش بىلەن مەڭگۈلۈك قىممىتىنى ساقلاشنى بىلگەن بولاتتۇق. چوڭ دادىڭ 80 نەچچە يىللىق ھايات مۇساپىسىدە مەدەنىيەت ۋە ئاقارتىشنى

ئۆزىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى قىلغان. مەيلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە قان كېچىپ كۈرەش قىلغاندا بولسۇن، مەيلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقىدا بولسۇن، مەيلى بۈگۈنكى دەۋرنىڭ كەسكىن رىقابەت قايناملىرىدا بولسۇن، بىلىمنى، ئوقۇش-ئوقۇتۇشنى ھاياتىنىڭ بارلىقى ھېسابلىغان، تاپقان-تەرگەنلىرىنى بىلىم ئوتىدا يانغان كىشىلەرگە تەقدىم ئەتكەن. ئۇ ئون نەچچە ياش چاغلىرىدىلا ئوقۇتقۇچى بولغان، ئىنقىلابقا قاتناشقان، كېيىن ئاخبارات- نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە كەسپىي، مەمۇرىي ئىشلارنى قىلغان ۋە ئۆمرىدە ئېسىل ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى ئەجايىپ راۋاجلاندۇرغان. ساختىلىق، ناكەسلىك، نامەردلىكنى قاتتىق ئۆچ كۆرگەن، ھەرقانداق ئىشنى باش كەتسىمۇ ھەقىقەتتى بويىچە بېجىرگەن ۋە ھەقنى سۆزلىگەن، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش» نى ئىش ئېلىپ بېرىش پرىنسىپى قىلغان. ھەقىقەت مەيدانىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، بىر قىسىم نادانلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم يەكلەشكە ئۇچرىغان، يەنە ھەققانىيەتنى ياقلىغانلىقى بەدىلىگە ئورنىدىن دەس تۇرغان. بۇنداق ئادەم شۇ خىل خىزمىتى ئۈچۈن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى نىسبەتەن كۆپ. مەن بۇ يەردە بىر ئىشنىلا مىسال قىلىپ ئۆتەي:

ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ، نامراتلارنىڭ، يېزا-بازارلاردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنىڭ غەمسىز ئوقۇشى، خاتىرجەم بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ كەلدى. ئوغلۇم، سەنمۇ بىلىسەن، ئۇ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئېشىپ-تېشىپ تۇرمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، يېزىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى ئىچىدە ياخشى ئوقۇغىنىغا يارىشا ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئىقتىسادى يار بەرمىگەنلەردىن ئىلگىرى-ئاخىر ئالتىنى ئوقۇتتى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى بىرمۇ بولسا ياراملىق ئادەم يېتىشىپ چىقسا ئىكەن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، ئۇ خەيرخاھلىق

قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئوقۇپ، نېنىنى تېپىپ يېدى...
ئۇ مۆجىزىلىك بىر ئادەمنىڭ جەمەتىمىز ئىچىدىن چىقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنىڭ مانا بۇ ئارزۇسىنى سەن ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ. شۇڭا ئۇ، سەن شاڭخەيگە مېڭىش ئالدىدا قاتتىق ھاياجانلاندى ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىنىش ئىلكىدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: جەمەتىمىزدە بىر مۆجىزە يارالدى، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا مۇرادىمغا يەتتىم! دېۋەتتى.

ئوغلۇم، مەن ئائىلىمىزنىڭ، قىسقىسى ئىككى جەمەتنىڭ كەچۈرمىشىنى تولىمۇ ئىخچاملاپ ساڭا دەپ بەردىم. گەرچە ئۇلار بەك كاتتا ئىشلارنى قىلىپ، ئالەمنى تاڭ قالدۇرمىغان، نەسەبنامە، تارىخلارنى پۈتمىگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ۋە سېنىڭ يارىلىق ئادەم بولۇشۇڭ، ئىلىم تەھسىل قىلىشىڭ، كېلەچىكىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسى، نەتىجىسى. ھالبۇكى بىز ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ئاقلاپ، ئىختىرالارنى يارىتىشىمىز، جەمەتىمىزنىڭ ئۇلىنى پۇختىلاپ، ئەجدادلارنىڭ روھىغا يۈز كېلىشىمىز كېرەك. سەن تۇرمۇش زەنجىرىدىكى ئىككى ئائىلىگە ئۈچىنچى ئەۋلاد ھېسابلىنىسەن، ئۇلار نەسەبنامە قالدۇرمىغاچقا، نۇرغۇن تارىخ «ئاق» پېتى كەتكەن ياكى كۆمۈلۈپ قالغان، ئەمدى بىز بۇنداق كۆمۈلۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، نەسەبنامىلەر ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە ئىلھام بېرىشىمىز كېرەك؛ بىزنىڭ زور كۆپ سانلىق ئەجدادلىرىمىز بەزى ئىشلاردا ئەقلىنى ئىشقا سېلىشنى بىلمىگەن، ئىقتىدار يېتىلدۈرمىگەن ياكى بۇنىڭغا قادىر بولالمىغان، بىز ئەقىل-ئىدراك خەزىنىمىزدىكى يوشۇرۇن بايلىقلارنى قېزىپ ئۇنىڭ كارامىتىنى نامايان قىلىپ، يېڭىدىن يېڭى مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

# تەۋسىيە

ئوغلۇم، يۇقىرىدا مەن ئانا تىلىمىز، ئۆرپ-ئادەت، ئەدەپ-ئەخلاقىمىز ھەققىدىكى قىسمەن مەزمۇنلارنى بايان قىلدىم. بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ تىل، ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىكى مەدەنىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تىل، ئۆرپ-ئادىتىگە نەزەر سالساق، ھەربىر نەرسىنى ئىپادىلەيدىغان خاس سۆز-جۈملىسى، ئىسىم-ئاتالغۇسى، قائىدە-تەرتىپى بار، ئۇلار شۇقەدەر تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان، چەتنەپ كەتكەن، ئەبجەش قىلىپ قويغان ئەمەس، بىزنىڭ تىلىمىز، ئۆرپ-ئادىتىمىزمۇ دەل شۇنداق بولۇشى كېرەك. سەۋەبى ئۇنىڭدا شۇنداق مۇكەممەللىك ئەزەلدىنلا مەۋجۇت. ئەمدىكى گەپ: سۆز ئىشلىتىش، سۆز ياساش، قوبۇل قىلىشتىكى ھازىرقى ھالىتىمىزگە ئىنچىكە مۇئامىلە قىلمايدىغان بولساق، سىلەر بىر ئەۋلادقا بارغاندا، تىلىمىز ۋە ئۆرپ-ئادىتىمىزدىكى مۇكەممەللىك يوقىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىلەرگە تىلىمىز ۋە ئۆرپ-ئادىتىمىزگە ھۆرمەت قىلىشنى، ئۇنى تەبىئىي قانۇنىيىتى بويىچە ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ساپلىقى ۋە خاسلىقى بىلەن تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا تەر ئاققۇزۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن!

ئوغلۇم، ئەجدادلارنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۈلگە ئال، ئىلغار مەدەنىيەت، ئەدەپ-قائىدە، ئەنئەنىلىرىمىزنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىل، نەسەبنامىلەرنى يېزىپ، تارىخىڭنى، ئىزنالىرىڭنى پۈتۈپ قوي، ياخشى نەرسىلەرنى بۇزما، بەلكى مۇستەھكەملە، شۇنداق قىلالىساڭ، كەلگۈسىدە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلەيسەن!

# ئەخلاقسىزلىق ۋە دىيانەت

ئوغلۇم، بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىزلىقى، دىيانەتلىك ياكى دىيانەتسىزلىكى ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى، سۆز-ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەن سېنى ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك بالا بولدى دەپ ئويلايتتىم، لېكىن بىرەر ئەمەلىي پاكىتقا ئىگە ئەمەس ئىدىم، پەقەت ئائىلىدىكى گەپ-سۆزۈڭ، يۈرۈش-تۇرۇشۇڭ ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت-مۇئامىلەڭ، قىلغان ئىشىڭدا ۋەدىگە ۋاپا قىلىشىڭ قاتارلىقلاردىن بۇنى سەزسەممۇ، چوڭراق ئىشلاردا سىناشىنىڭ پۇرسىتى بولماي كەلگەنىدى.

سېنى شاڭخەيگە ئۇزىتىش ئۈچۈن بىللە پويىزغا چىققان ئاشۇ كۈنى ئاناڭ ۋە باشقا تۇغقانلار كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ئۇزىتىپ قالدى، ئاناڭنىڭ قانچىلىك يوشۇرۇن ياش تۆككەنلىكىنى، پىراقىڭدا كۆيگەنلىكىنى، سېنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئاخىرقى بېكەتكىچە بىللە بارالمىغانلىقىدىن ئىچى پۇشقانلىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش شۇقەدەر تەس. سېنىڭ شۇ چاغدىكى ئىچكى كەچۈرمىشلىرىڭنى ئىپادىلەپ بېرىشمۇ شۇنچىلىك قىيىن ئىدى. پويىزدا مۇشۇ چاغدىكى كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزۈمنى تارتقانلىقىمنى ھېچكىم ھېس قىلالمايدۇ. ئوقۇشقا ماڭغان باللار بىر ۋاگوندا، ئاتا-ئانىلار بىر ۋاگوندا ئولتۇردۇق. بۇ

ئاتا-بالىلىق پەردىشەپ، شەرم-ھايانى ساقلىشىمىزنىڭ ياخشى بىر يولى ئىدى. ئەمما، ئويلىمىغاندا سەن قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ قاپسەن، قىز بالا شەيتان دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەت قارىشى بويىچە سېنىڭ بالاغەتكە يېتىشىۋاتقان ۋاقتىڭ ئىدى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز كونا ئەنئەنە بويىچە قىزلارنى 12 — 15ياش ئارىلىقىدا ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىشتا دەل مۇشۇ خىل ئىرسىي ئامىلغا ئاساسلانغان بولسا كېرەك. بۇنداق ئەھۋال قىسمەن چەت يېزا-بازارلاردا ھېلىھەم مەۋجۇت بولسىمۇ، شەھەرلەردە قىزلار 18 ياشقا توشماي تۇرۇپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى... پويىزدا پۈتۈن ھېسسىياتىم سەندە ۋە ئەتراپىڭدىكى بالىلاردا بولدى. بىراق، سېنىڭ قىزلار بىلەن ئولتۇرغان ھالىتىڭنى كۆرۈپ، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىم ھازىر ئېسىمدە يوق، پەقەت بىر خىل ئەنسىرەش تۇيغۇسى پەيدا بولغانلىقى ئېنىق. ئىككى كۈندۈز، بىر كېچىلىك مۇساپىدە سەن ئولتۇرغان ۋاگونغا كۆپ بېرىۋالمىدىم، شۇنداقتىمۇ پويىزدا يول يۈرگەندە ھوشيار بولۇش، ئۆزىنى قوغداش، غىزالىنىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىشنى ئېسىمدىن چىقارمىدىم. سەن ماڭا ئوبدانلا ماسلاشتىڭ، شاڭخەيدىن كەلگەن خەنزۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ بېقىشىڭنى ئېيتتىم. ئاكا-ئۇكا شاڭخەيلىكنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ يېگەن تاماققا ئايرىم-ئايرىم پۇل تۆلىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالدىڭ، ھەم ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىغا قايىل بولغىنىڭنى ئوتتۇرىغا قويدۇڭ، بىزدە بۇنداق ئادەت ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان، بىزدە بىر تۇغقان ئاكا-ئۇكىلار تۇرماق، تونۇش-بىلىشلەر بىللە غىزالىنىپ قالسىمۇ، پۇلىنى بىر تەرەپ تۆلەپ، قارشى تەرەپكە بولغان دوستلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. مەن دەماللىققا ئۇنى غەرب

مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى دېدىم. سەن تۇنجى قېتىم يولۇققان بۇ ئىشتىن بىر خىل تۇرمۇش مۇھىتىدىن ئايرىلىپ، يەنە بىر خىل تۇرمۇش مۇھىتىغا سىڭىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندىڭ. بۇ مەن ئەڭ سۆيۈنگەن ئىش بولدى.

مەن پويىزدا تارتىنىپ قالماسلىقىڭنى نەزەردە تۇتۇپ، 11-ۋاگوندىكى ئورنۇڭدىن تېخىمۇ نېرىراق بولغان 5-ۋاگونغا بېرىپ ئولتۇردۇم. كېچىلىرى نەچچە قېتىم سېنى يوقلىدىم، سەن شۇ ئورنۇڭدا بەخىرامان ئولتۇرۇۋەردىڭ، يېنىڭدىكى باللارنىڭ تولىسى بىر-ئىككى نۆۋەت ئورۇن ئالمىشىپ بولدى. بۇ جەرياندا بەكلا ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن بىرنەچچە ئىشنى كۆردۈم: سەن بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان ئىككى قىزچاق بىلەن ئىككى ئوغۇل ئوقۇغۇچى توختاۋسىز بىر ئىشلارنى قىلىپ ماڭدى. قارتا، دومبەچەك ئوينىدى، چاقچاق ۋە بىر-بىرىنى قىچىقلاش، تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىش ئۇلارغا ھېچقانداق ئۇياتلىق ئىش ھېسابلانمىدى. كېيىن ئۇلارغا يەنە باشقا ئورۇندا ئولتۇرىدىغان بىر تاجىك قىز بىلەن دادىسى ئۇيغۇر، ئانىسى قىرغىز قىز ھەمراھ بولدى. ئۇلاردا ئوقۇغۇچىلارغا خاس سالاھىيەت تۇگۇل بالىلىق پۇراقمۇ يوق ئىدى. سېنىڭ يېنىڭدىلا بولۇۋاتقان ھاياسىزلىقلارغا ئارىلىشىپ قېلىشىڭنى ھەرگىز خالىمايتتىم. مۇبادا ئارىلىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە كۆڭلۈڭنى رەنجىتىشكە رايىم بارمايتتى. سېنى يىراقتىن سەزدۈرمەي كۆزەتتىم. سەن يوشۇرۇن پايلاۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قالغاندەك، كىتاب ئوقۇش، رادىئو ئاڭلاش، ئىنگلىزچە يادلاش بىلەن بەند بولۇپ ئولتۇردۇڭ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە پىسەنت قىلمىدىڭ. ھېلىقى ئالتە بالا بىر-بىرىگە قول بېرىپ، كېچىچە ئۇخلىماسلىققا قەسەم قىلىشتى،. ئۇلاردىن بىرسىنىڭ ئانىسى

مەن بىلەن بىر ۋاگوندا ئىدى، ئەتىسى سەھەردە ئىككى قېتىم سىلەرنىڭ ۋاگونغا بېرىپ، بالىسىنى ئويغىتالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋايسىدى. ئەتىگەن سائەت 9 دىن ئاشقاندا، مەن سېنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇ ئايال قار-يامغۇر ياش تۆككىنىچە بالىسىغا يالۋۇردى. لېكىن بالىسى: «مېنى ئۇخلىغىلى قوي، ھۇ دۆت، قېرى جادۇگەر!» دەپ تىللىدى. ئانا ھاقارەتكە چىداپ بولالماي بالىسىنىڭ كاسىسىغا نەچچىنى تەپتى. دىيانىتى يوق بۇ بالا ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈشىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى. بىچارە ئانا يەنىلا ئۇنى قولتۇقلاپ، تاماقلاندۇرغىلى ئېلىپ كەتتى، كېيىن بىز پويىزدىكى تاماقخانىغا بارساق، ھېلىقى ئانا ئوغلىغا كايىۋاتقانىكەن: «سەن قاچان ئادەم بولىسەن؟ ئاشۇ پاسكىنىلارنىڭ نەرىنى ياقتۇرۇپ قالدىڭ؟ گەپ قىلمىسام، مېنى نەزىرىڭگىمۇ ئالمىدىڭغۇ؟ يۈزۈڭ نېمانچە قېلىن سېنىڭ؟ مېنى تىرىك ئۆلتۈرەي دەمسەن؟ نەرىڭ ئوقۇغۇچىغا ئوخشايدۇ سېنىڭ؟ خۇدا، بالامنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ-تەۋپىق بەرگىن!»... بالا بولسا ئانىسىنىڭ گېپىنى نەزىرىگىمۇ ئالمىغاندەك، پوكاندەك قىزىرىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى ۋە تاماق يېمەي چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، تەمكىن ئانا گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزۇپ: «يېمىگىنىڭنى بىر كۆرەي قېنى!» دەپ چالۋاقىدى... مەن ئەمدىلا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقان بۇ باللارنىڭ مۇناسىۋەت ۋە ھەرىكىتىدىكى قەتئىيلىكتىن قىز-ئوغۇللار ئارىسىدىكى مۇھەببەت ھېسسىياتلىرىنىڭ بىخلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەك خەتەرلىك ھادىسە ئىدى، يومران، غۇبارسىز قەلب ئىگىلىرىدە ھېلىتىنلا بۇنداق روھىي ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئەۋلادلاردىكى بىر خىل زەبونلۇقتىن دېرەك بېرەتتى.

ئادەم ئۆمرىدە دەل مۇشۇنداق بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ ۋاقتى بار، كىچىك تۇرۇپلا ئۇ يولغا كىرىپ قالسا، كېيىنكى ئىستىقبالى تۇگەشمەي قالمايدۇ. بالا تەربىيىسىدە بۇنداق ئىشقا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. باللارنى تەربىيىلەشتە ئىلمىي، جانلىق، ئەمەلىيەتچىل بولمىغاندا مۇشۇنداق ئىش كېلىپ چىقىدۇ.

بىز ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىنكى بىرقانچە كۈن جەرياندا ھېلىقى باللارنى تەكرار كۆردۇق، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۈلگۈردى، باللىرىمۇ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. بىر كۈنى ھېلىقى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدىمۇ ئۇ قىزلاردىن بىرنى ئۇچراتتۇق، قارىماقىغان، ئۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن مەن خېلى ئوبدانلا تونۇش ئىكەنمەن. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئۇلار سەل شاللاق ئادەملەردىن ئىدى، دادىسى كۈن بويى ھاراق ئىچىپ مەستلا يۈرەتتى، ئانىسى بولسا چۈشمەيدىغان ئويى، چىقمايدىغان دۆڭى قالمايدىغان، ھېسسىياتچان ئايال ئىدى، مەن «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ قالدىم، ئالدىنقى يىلى ئۇلارنىڭ بىر قىزىنىڭ ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ، قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. سۈرۈشتە قىلسام، دەرسىنىڭ بېسىمى بەك ئېغىر بولغانلىقتىن، روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ كېسەل بولۇپ قېلىپ، دەرسكە يېتىشەلمەي قايتىپ كەلدى دېگەندەك قىلغان. پەرەزگە ئاساسلىنىپ بىرنەرسە دېيىش قىيىن، مەن ئۇ قىزمۇ مۇشۇ سىڭلىسىغا ئوخشاش ھېسسىياتچان بولغان بولسا، پويىزدا تونۇشۇپ قالغان بىرسىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن نېرۋىسىدىن كېتىپ قالمىغاندۇ-ھە؟! دەپ ئويلىدىم.

ھېسسىياتقا بېرىلىش ھەرقانداق دانا بالىنى كاردىن چىقارماي قالمايدۇ، كىچىك بالىلارغا نىسبەتەن پەقەت ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىشلا ئەڭ مۇناسىپ بېرىلىشتۇر.

ھېلىقى ئانا قەشقەرگە مەن بىلەن بىر پويىزدا قايتىپ كەلدى، روھىي كەيپىياتى ۋە گەپ-سۆزىنىڭ ئورامىدىن بالىسىنىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق غەم يەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھېلىقى قىزلار تۇپەيلىدىن مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالماي، چېكىنىپ ئۆزىنى ۋە پۈتۈن ئائىلىسىنى شەرمەندە قىلىشىدىن ئەنسىرىمەيمۇ بولمايتتى.

ئەخلاق-پەزىلەتسىز ئادەمدە ديانەتمۇ بولمايدۇ، ديانىتى بولمىغان ئادەمدە ۋىجدان -غۇرۇر نېمە قىلسۇن!

ئوغلۇم، مەيلى نەگە بارغىن ياخشىلىقنىڭ ياقىلىغۇچىسى بول، كىشىلىك ئەخلاق، شەرم-ھايانى يادىڭدىن چىقىرىپ قويما، بۇ خىل ئادەت مەڭگۈ سۇنمايدىغان قۇش قانىتىغا ئوخشايدۇ. نەگە پەرۋاز قىلساڭ قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان سۆيۈلۈش ۋە سۆيۈشكە، شادلىق ۋە ياخشى تىلەككە خۇشتار.

ئوغلۇم، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى بار، تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك. كىم شەرت-شارائىتى ھازىرلانمىغان ئىشقا بالدۇر قەدەم باسىدىكەن، تۇرمۇش، ھايات ئۇنى بەربات قىلماي قالمايدۇ. سەن كىشىلىك ھاياتتا بىلىشكە ۋە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىش بار، ئۇنى يېشىڭنىڭ چوڭىيىشى، كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇشۇڭ، پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، شارائىتنىڭ قىستىشى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ھەر ۋاقىت ئەخلاق ۋە ديانەتنى يار تۇتقىن! شەرم-ھايانى نومۇس كۈچىنىڭ مەنبەسى قىل، ساپ، گۈزەل قەلب، چىن، ھەقىقىي ئەقىدە ئادەمنى مەڭگۈ سۆيۈملۈك قىلىدۇ!

# ھەقىقىي دوست ۋە ئىلھاملىنىش

ئوغلۇم، دوستلۇق ياخشى تىلەك، ياخشى ئارزۇنىڭ مۇھىم ۋاستىسى، ئۇ پەقەت مۇشۇنداق بىر خىل مەنىۋى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن مەقسىتى ۋە مۇددىئاسىمۇ مۇناسىپ ئەقىدە ۋە ئىخلاس بىلەن بىر-بىرىگە مېھىر-ۋاپا تەقدىم قىلىپ، ھاياتنى مۇستەھكەم رىشتە بىلەن باغلاپ، كۆيۈم بىلەن ساداقەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت. دوستلۇق كۆپ خىل ۋاستە بىلەن بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق راۋاجلىنىدۇ، پۇل، مالنى ۋە نەپ ئېلىشنى كۆزلىمەسلىك ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى.

سېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىڭ بار، مەن دوستلىرىڭنىڭ كۆپچىلىكىنى تونۇمايمەن، بەلكىم سەن ئۇلارنى چۈشىنىسەن، ئەمما ھەقىقىي تونۇپ يېتىشىڭ ناتايىن، ئادەم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شەيئى، سىرتقى قىياپىتى، سۆز-ھەرىكىتى ۋە بىرقانچە ياخشى ئىشى... ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ، تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئاساس بولالمايدۇ. ھالبۇكى، ھازىر تۇتقان دوستلىرىڭ توغرۇلۇق بىرنەرسە دېيىش بالدۇرلۇق قىلىدۇ. ئۇلار ئۆمۈرلۈك دوستمۇ ياكى بىردەملىك دوستمۇ؟ بۇنى ئايرىش تېخىمۇ تەس. مۇمكىن بولغىنىدا 10 يىل، ھەتتا 20 ـ 30 يىل كۆزىتىشىڭ، چۈشىنىشىڭ، سىنىشىڭ زۆرۈر بولىدۇ، «بىر ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر تاغار تۇزنى بىللە يە» دەيدىغان گەپ بار.

چۈنكى، ئەڭ يېقىن سانالغان ئادەم ئەسلىدە ئەڭ شېرىن، ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن بولۇپ قالىدىغان ئىشنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچراتتىم. بۇنىڭ جەريانىنى ساڭا كېيىن يېشىپ بېرىمەن، بەلكىم سەنمۇ بۇنى چوقۇم ھېس قىلىسەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىكى نۇرغۇن ئىشلار ئۆزۈڭگە باغلىق.

ئوغلۇم، سېنىڭ بىر قىسىم دوستلىرىڭغا ھەقىقەتەن ئاپىرىن ئوقۇيمەن. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ۋە جاسارىتى مېنى قايىل قىلدى. ئۇلار گەرچە ساڭا ئوخشاش ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگەن ۋە بارالمىغان بولسىمۇ، قەشقەردىكى نۇقتىلىق تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تالىشىپ تاللانغان بالىلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەن بىلەن بەسلىشىپ ياخشى ئوقۇغاننىڭ پايدىسىنى كۆردى. ئۇلار بۇ قېتىم تاللانغان مەكتەپلەردىكى ئوخشاش يىللىقلار ئىچىدە ئىلغارلاردىن بولۇپ قالغانلىقتىن، مەكتەپ ئوقۇش پۇلى ۋە بىر قاتار قوشۇمچە ھەقلەرنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئىقتىسادىي غەمدىن خالاس قىلدى. مانا بۇ تىرىشىپ ياخشى ئوقۇغاننىڭ پايدىسى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان نامرات ئوقۇغۇچىلار ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئەجرىنىڭ تەمىنى تېتىپ، تېخىمۇ خاتىرجەم ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بوپتۇ. ساڭا ئايان، ئۇلاردىن بىرسى ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ ئوقۇشتىن ئۆزىنى تارتىپ، ئىمتىھاننى چالا بەرگەن، تولۇق يازسا، يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئۆتۈپ قالسا، تۇل، كېسەلچان ئانىسىنى باقىدىغان ئادەم يوقلۇقىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاتتىق قىينىلىپ ئوقۇشتا چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىنى... دەپ كەلگىنىڭدە قاتتىق ھەسرەت چەككەنىدىم، سەنمۇ قاتتىق ئازابلانغانىدىڭ. مانا ھازىر ئۇ بالىغىمۇ ئامال تېپىلدى: ياخشى ئوقۇش نەتىجىسى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ ئوقۇش ياردەم پۇلىغا

ئىگە بولدى. يەنە دېسەم بۇ ياخشى ئوقۇغان، بېرىلىپ قاتتىق ئۆگەنگەنىنىڭ پايدىسى، نەتىجىسى ئەمەسمۇ!

ئوغلۇم، ھەركىم قىلغان ئەجرىگە لايىق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. سەنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. سەن شاڭخەيگە كەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىڭنى قىلدى، ئۆگىنىش تەجرىبەڭ ۋە بىزنىڭ تەربىيىلەشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىمىزنى سۆزلەپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. مەن ۋە سەن ئويلىمىغان تەشەككۇرلەر كەينى-كەينىدىن يېغىپ كەتتى. نۇرغۇن ئائىلىلەردە، نۇرغۇن بالىلاردا بىر خىل ئىنتىلىش، سەندىن ئۆگىنىش روھى ئۇرغۇدى. ساۋاقداشلىرىڭ، دوستلىرىڭ جەم بولغان سورۇنلاردا تەرىپىڭ ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلۇڭ ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىشىپ، سەندىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆرنەك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ھامما ئاچاڭ دىلدارقىز بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن شەربان قاتارلىقلار تەرىپىڭنى قىلىش بىلەن بىر چاغدا، سەندىن ئۆگىنىشكە قەسەمياد قىلىپ، توختامنامە ئىمزالاپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇش، ئۆگىنىش نىشانى ۋە ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلار ئىلمىي ئۆگىنىش، ياخشى تۇرمۇش تەرتىپى تۇرغۇزۇش، ئۆگىنىش بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ھە دېسە، تورغا كىرىش، كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرۈش، تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش، نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش، مۇستەقىل پىكىر قىلىش، مۇستەقىل ياشاش، خىزمەتكە چىققۇچە بىرنەچچە خىل تىل-يېزىقنى ئۆگىنىپ بولۇش، ئاساسلىق پەنلەرنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، جەمئىيەت ئەڭ ئېھتىياجلىق كەسىپنى ئىگىلەش ۋە ئىجاد-ئىختىرا قىلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش… قاتارلىق بىر قاتار

ئىرادىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر-بىرىگە قول بېرىپ توختامغا ئەمەل قىلىشقا ۋەدە بەردى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن زور ئىلھام ۋە مەدەت ئىدى.

شەربىبان سېنى ئۇزىتىدىغان چاغدا مۇنداق دېدى: «ئابدۇسالامجان، سىز مېنىڭ ئەڭ ئىززەتلەيدىغان ئۇكامسىز. مەن سىزدىن قاتتىق پەخىرلىنىمەن، بۇ مېنىڭلا يۈرەك سۆزۈملا ئەمەس، پۈتۈن مىللەتنىڭ يۈرەك سۆزى! سىزدە ئۈمىد زور. مەن شۇ ئۈمىدنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن ھەم بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. سىز قەلبىمگە تىرىشىپ ئۆگىنىش مەشئىلىنى قايتىدىن ياقتىڭىز، ئاشۇ قايناق قەلبىمنى سىزگە تەقدىم قىلىمەن. مانا بۇ مېنىڭ سىزگە تەقدىم قىلىدىغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغام!»

ئادەمنى ھاياجانغا ۋە چوڭقۇر سۆيۈنۈشكە غەرق قىلىدىغان بۇ ئوبرازلىق سۆزلەردىن شۇنچىلىك تەسىرلەندىم. ئۇ ئۆزىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدىغان، مەسىلىلەر ئۈستىدە بېرىلىپ ئىزدىنىدىغان، مۇستەقىل قاراش تىكلەشكە تىرىشىدىغان قىز، ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەندىن باشقا، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، ئوردۇ، رۇس تىللىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن، تېخى ئۇ تەتقىقاتلاردا دادىسىنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، تەرجىمانلىق قىلىشىپ بېرىدۇ. تۇرمۇشتا ھەممىگە قىزىقىدۇ، ھەممىنى ئۆگىنىشنى ئويلايدۇ.



ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقى ۋە ئۆگىنىش روھى سۆزلەش، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە بىۋاسىتە تۈرتكە بولغان. ئۆگىنىش ۋە تىرىشىشنىڭ خاسىيىتى مانا مۇشۇنداق

سۆيۈملۈك بولىدۇ!

ئوغلۇم، سېنى ئۇزاتقىلى چىققان ئاشۇ كۈنى سەھەردە ئايرىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىڭ قەلبىمدە مەۋج ئۇرغانلىقىنى بەلكىم سەزدىڭ، سېنىڭمۇ ئايرىلىش ئازابلىرىنى تارتىۋاتقىنىڭنى بىلمەن. كۆزلىرىڭدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگەندە، ئۇنۇڭ ئۆچۈپ كەتكەندە، پويىزدىكى ئۇزىتىش چۇقانلىرى سېنى بېسىۋالغاندەك تۇيۇلدى. سېنىڭ مەندىن رەنجىگەن ھېلىقى مىنۇتلىرىڭ، مېنىڭ نېمىشقىدۇر قەستەن كەينىگە «سۆرەپ يول ماڭمىغانلىقىم» شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىكى ھىجران بىلەن باغلىقتەك بىر كارتىنا لىپ قىلىپ كۆڭۈل ئېكرانىمدىن ئۆتكەندەك بولدى. ئەمدى سېنىڭ ۋە مېنىڭ ئەپۇ سوراشلىرىمىزنىڭ ئورنى يوقتەك قىلاتتى... سەن بۇنىڭدىن يېرىم ئاي ئىلگىرى: «دادا، ئالغان نومۇرۇم جىڭدا تۇرىدۇ، مېنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپەم تۈگىدى، ئەمدىكى گەپ سىلەردە قالدى، بېشىڭلارنى ئىچىڭلارغا تىقىپ يۈرۈۋېرەمسىلەر؟! » دېگىنىڭدە، بىزدىن تېزرەك ئايرىلىش ئارزۇيۇڭنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ كۆڭلۈم پاراكەندە بولغان ھەم سېنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن بولمىغۇر پەرەز-قىياسەن گەپلەرنى كاللاڭغا كىرگۈزۈۋېلىپ مەيۈسلىنىپ بىزدىن رەنجىۋاتقانلىقىڭنى سېزىپ جىددىيلىشىپ قالغانىدىم. ئۇيان-بۇيان تىڭ-تىڭلاپ باققان بولسامۇ، باشقا ئىشقا كۈچەپ كەتمىدىم. چۈنكى، پاكىتنى ھەرقانداق قىلىپمۇ كۆمگىلى بولمايتتى. سېنىڭ چوقۇم تاللىنىش ئوبيېكتى بولالىشىڭغا ئىشىنەتتىم. بىلىمگە خىيانەت قىلىش، بىلىم ئىگىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى سانىلىدىغان بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ساختىپەزلىك ئىشلىتىش —

ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئەمەس، ھەرقانداق دۆلەت ۋە مىللەتنى نەس باستۇرىدۇ. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنسىرىمىدىم، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئارقا ئىشىك قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ئاخىر سىنىڭ چاقىرىقىڭ كەلدى! سەن ھالىڭ-تاڭ قالدىڭ! بىز قاتتىق سۆيۈندۇق، سىنى ئىچكىرى ئۆلكىنىڭ دېڭىز بويى شەھىرى — ساياھەت، سانائەت بىر گەۋدىلەشكەن، ئەڭ تەرەققىي قىلغان شاخەيگە ئەۋەتىش تولىمۇ ئېپتىخارلىنىدىغان ئىش ئىدى: بىرىنچىدىن، سەن ھەقىقىي بىلىمىڭ، ئۆگىنىش نەتىجەڭنىڭ يۇقىرىلىقى بەدىلىگە ئۇنىڭغا نائىل بولدۇڭ؛ ئىككىنچىدىن، راستىنىلا تەلىيىڭ كەلگەنلىكتىن دېرەك بەردى، شاخەي تەرەققىي قىلغان شەھەر، كەسكىن رىقابەت قوچىقى، دېمەك، ئۇنىڭ قويىنىدا ھۇرۇنلۇققا، مىشچانلىققا ئورۇن يوق. ئىقتىدار ئىگىلىرى ھۆرمەت ۋە ئەتىۋارلاشقا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىل ئارتۇقچىلىق سىنىڭ تەربىيىلىنىشىڭ ۋە كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇشۇڭ ئۈچۈن مۇھىم تۈرتكە بولىدۇ، سەن ئەينى چاغدا، بېيجىڭغا بارغان بولسام ياخشى بولاتتى دېگەنىدىڭ، ئەمما ئۇ يەردە ساڭا نىسبەتەن شاخەيدىكىدەك ئۆزگىچىلىك ئاز، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇرۇمچىدىن بىرلا پويىز بىلەن شاخەيگە بارغىلى بولىدۇ، يول ئاۋارىچىلىكى تارتمايسەن، ھاۋاسى، مۇھىتى ساڭا تولىمۇ ماس كېلىدۇ، بۇ بىز ئارزۇ قىلىدىغان مۇھىم ئىش ئىدى!

ئوغلۇم، بىزدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشنى ئويلىغان چاغلىرىڭدا يوشۇرۇن ياش تۆككىنىڭنى بىلىپ قالدىم. ئۇزىتىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەندىكى بىرقاتار ئىشلار سىنى ئەڭ ئازابلىق تۇيغۇلارغا غەرق قىلدى؛ بىزنىمۇ چىداش قىيىن بولغان ئايرىلىش ئازابى قىينىدى، دادامنىڭ «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دەيدىغان ھېكمىتى ۋە دادىنىڭ بالىغا قانچىلىك

كۆيدىغانلىقىنى پەقەت بالىدىن چۈشىنىسەن دېگەن تەۋسىيىسى يەنە بىر قېتىم باغرىمنى تىلدى. سەن كۆزلىرىڭنى يۇمۇپ، قوللىرىڭنى جانسىز پۇلاڭلاتقاندا، پويىز يېنىك سىلكىنىپ قوزغىلىۋاتاتتى. كۆز ياشلىرىم قارىچۇقلىرىمنى توسۇۋالغان بولسىمۇ، كېتىۋاتقان ئاشۇ پويىز گويا يۈرىكىم سۇپىتىدە دومىلاپ كېتىۋاتقاندەك، ۋۇجۇدۇم ھېسسىياتسىز قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى! نەچچە سائەتلىك بۇق-بۇق يىغىدىن ئەيساجان ئاكاڭ، تۇرسۇنگۈل ئاچاڭ، شەرىبانلارنىڭ تەسەللىلىرى ئارقىلىق ئەسلىمگە كەلدىم.

ئوغلۇم، ھېسسىيات ۋە خىيالغا ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ، ھەققانىيەت ھەر زامان قوغداشتىن بەھرىمەن بولىدۇ، سېنىڭ ئۆگىنىش نەتىجەڭمۇ بىر ھەققانىيەت، شۇڭا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئارقا ئىشىك قىلىشنىڭ ئورنى يوق، خېتىڭدە ئوتتۇرىغا قويغان كەچۈرۈم سوراشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. پەقەت ھازىرقى بىردىنبىر ۋەزىپەڭ ۋە مەجبۇرىيىتىڭ ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش. ۋاھالەنكى، ئۆگىنىش ئۆلۈك نەرسە بولۇپ قالمىسۇن، ئۇنى ئىلمىي، جانلىق ئىشلىتىشنى، تەتبىقلاشنى بىلىدىغان بول. ھەممە ياخشى خۇلق ۋە شان-شەرەپ تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن قولغا كېلىدۇ.

ئوغلۇم، ھەقىقىي دوستنى تېپىشنى خالامسەن؟ دۇنيادا بىر ھەقىقىي دوست بار، ئۇ بولسىمۇ پەقەت ۋە پەقەت بىلىم، ئۇنىڭغا پەقەت ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيسەن، ئۆگىنىشلا سېنى ئىلھامغا، قاناتقا، پارلاق كېلەچەككە، بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلەيدۇ!

# ئىناقلىق ۋە جاھالەت

ئوغلۇم سەن شاڭخەيگە ئوقۇشقا بېرىپ، كۆڭلىمىز سەل تىنغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىمدۇر بىرسىدىن: «ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم مىللىي بالىلار ‹شەرقىي تۈركىستان› بۆلگۈنچىلىرىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ، كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق، بىلمەي بىر تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، جۇڭگوغا، شىنجاڭغا قارىتا بۆلگۈنچىلىك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋەتەننى پارچىلاش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش سۈيىقەستىدە بولغانلىقى پاش بولۇپ قاپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى. بۇ بىز ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن بەكمۇ قورقۇنچلۇق بىر خەۋەر ئىدى. سىلەر كىچىك، ئاق-قارىنى ئانچە ئايرىيالمايسىلەر، مەسىلىلەرگە چوڭقۇر قاراشنى بىلمەيسىلەر. كىملەردۇر ئالدىسا، ئۇ ئىشنىڭ كۆرۈنۈشىگە قاراپ، ماھىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەي، ئالدام خالتىغا چۈشۈپ قېلىشىڭلار تەبىئىي ئەھۋال، شۇ ئىشنىڭ توغرا-خاتالىقىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئاتا-ئاناڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار يېنىڭلاردا يوق. مانا بۇ بىز ئەڭ قورقىدى-



غان تەرەپ. سىنى يولغا سالىدىغان چاغدا: «مەكتەپنىڭ، ئوقۇتقۇچىنىڭ گىپىنى ئاڭلا، دەرسىڭنى بىرىلىپ ئۆگەن، ھەممە ئىشىڭ مەكتەپنىڭ ئىچىدە بولسۇن، چۈنكى سىنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت ۋە پەقەت بىلىم ئىلىش. سىرتتىكى ئادەملەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقانداق مەنپەئەتلىك ئىشىغا ئارىلىشىپ قالما، شۇ چاغدا بىز سەندىن مەڭگۈ رازى بولىمىز، ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇشۇ گەپنى قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇت...» دىگىنىم ئىسىڭدىدۇ؟ بۇ يەردىكى گەپ دىيىلىشتە شۇنچىلىك ئاددىي، بىراق ئۇنىڭدىكى ئەنسىرەش بىلەن كۈچلۈك تىلەك ئاددىي ئەمەس. بىزدىكى ئەندىشە ۋە قورقۇنچ شۇقەدەر كۈچلۈك، يۈرىكىمىز سۇ!

يۇقىرىقى گەپلەرنى ئاڭلىغان ھامان سۇرۇشتە قىلىپ بىلدىمكى، ئۇ باشقا جايدا ئوقۇۋاتقان بىرنەچچە بالىنىڭ ئالدىنىپ قىلىشىدىن كىلىپ چىققان غەليان ئىكەن، بۇنىڭغا بەك ئەپسۇسلاندىم ۋە ھىلىقى ناكەسلەرنىڭ شۇ يۇمران نوتىلارغا قارا قولىنى سوزغانلىقىدىن غەزەپ ئوقلىرىم تەكرار-تەكرار ئىتىلدى! ساڭا تىلىفون قىلىپ، بەزى تاپىلاقلارنى تاپىلىدۇق. ئۇ بالىلارنىڭ ساۋىقى بىزگە ۋە ساڭا بىر قىتىم ئاچچىق دەرس بەردى. بۆلگۈنچى-تىرروررچىلار قارا قولىنى بالىلارغا سوزماسلىقى، بۇنداق رەزىل نەيرەڭنى ئىشلىتىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى نابۇت قىلماسلىقى كىرەك ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ رەزىللىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ...

ئوغلۇم، بۇنى مەن يەنىلا نادانلىق، ئۆتۈپ كەتكەن بىچارىلىك دەپ قارايمەن. مىنىڭچە بالىلارنى ئالدىغان-ئازدۇرغان ئاشۇ مۇناپىقلاردا ئىنسانىيەت روھىيىتى يوق، ئىنسانغا ئىنسانلىق تۇيغۇ، ئىنسانلىق مىھىر-ۋاپا، كۆيۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئەقىل-ئىدراك ۋە ئىقتىدار يوق، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىيىتىنى تار، ئىنتايىن بىكىنمە، يالىڭاچ بىر خىل

ئىپتىدائىيلىق، ياۋايىلىق ھەم يىراققا نەزەر سېلىشنى بىلمەيدىغان نادانلىق ئورنىۋالغان. ئۇلار ھەمىشە شەخسىيتىنى باشقىلارنىڭ قۇربانلىقى ئۈچۈن زورلاپ تاڭىدۇ، شۇ تۈپەيلى كىشىلەرگە، ئىنسانىيەتكە پالاكەت تۇغدۇرۇپ، پاراكەندىچىلىك سېلىپ، دۆلەت، ھاكىمىيەت، سىياسىيغا، كىملەرنىڭدۇر كىشىلىك تۇرمۇشىغا قالايمىقانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قىلمىشى ھامان كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ چەكلىشى، پاش قىلىشى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچراپ دۆلەت، خەلق تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

ئوغلۇم، بىر دۆلەتنىڭ ھاكىمىيتى شۇ دۆلەت خەلقى تولۇق رىئايە قىلىدىغان يادرو. ئۇنىڭ سىياستى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن خالىغانچە ئويناشقىلى بولمايدۇ. بۇ، بىزنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكىمىزدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەرەپ. سەن كىچىك، بۇ نۇقتىنى تولۇق بىلىپ كەتمەيسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشەنچەمگە قۇلاق سال، مەيلى قايسى جايدا بولغىنىڭ، ھاكىمىيەت بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ.

ئوغلۇم، مەن بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ھەرقانداق ئىشقا نىسبەتەن بىزدە بەلگىلىك ساپا بولۇشى كېرەك، بىلىم-مەدەنىيەت ساپايىمىز يوق تۇرۇپ، ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىپ، ئۆزىمىز ۋە ئۆزگىلەرگە جاھالەت دەھشىتى سالساق ئىنتايىن نادانلىق قىلغان بولىمىز. يەنە بىر قېتىم دەيمەنكى، بىلىم ساپاسى تۆۋەن نۇرغۇن كىشىلەر ھېسسىيات ئوغرىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇلاردىن بەزىلىرى تېخى ھەدېسە مىللەتنى سۆيۈش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلايدۇ، ئەمەلىيەتتە مىللەتنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى سۆيۈشنىمۇ بىلمەيدۇ، بەزىلەر ئاغزىدا مىللەت ئۈچۈن بارلىقىمنى ئاتاپ خىزمەت قىلىمەن دەيدۇ، بىراق ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى

ياخشىلاشنى بىلمەيۋاتقانلار دەل شۇنداقلار بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈنكى ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادا مىللەت ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، ئادەملىرىنىڭ ساپاسى، سۈپىتى، ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى بىلەن مىللەت سانىلىدىغان بولدى. دەرۋەقە، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى — مىللەت تەركىبىدىكىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت ساپاسى، يۈكسەك قىممەت قارىشى، ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئوغلۇم، هازىرچە شۇنچىلىك چۈشەنچە بېرەلەيمەن، ئىشىنىڭ ھەقىقەتىنى كېيىن چۈشىنىسەن، ھەممىنى كەلگۈسى تارىخ ئىسپاتلايدۇ. شۇ چاغدىلا بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىپ، رېئاللىق ھەققانىيىتى نۇرىنىڭ شۇقەدەر كۈچلۈك، كەسكىن بولىدىغانلىقىنى سېزىسەن! مەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلىلەر ئوقۇغۇچىلىق هاياتىڭدا، كىشىلىك تۇرمۇشۇڭدا ھەر دائىم ساڭا ئەگىشىپ يۈرىدۇ، شۇڭا يەنە جېكىلەيمەنكى، ھەرقانداق تەشكىلات، پائالىيەت، قانۇنسىز يىغىلىش، ئورۇنسىز جېدەل-ماجىرا... ئىش قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە، دۆلەتكە، ۋەتەن-مىللەتكە، كەڭ ئاۋام خەلققە زىيان سالىدىغان، ئىززەت-ھۆرمىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرگە يېقىن يولىغۇچى بولما. بىر ئىلمىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقىنىڭنى بىل. سېنى مۇشۇ ئىلمىي جەمئىيەتتە تېخىمۇ ئىلمىي ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقسۇن دەپ قان-تەر ئاققۇزۇۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن، ئۆزۈڭگە جان ھەم قان بېرىۋاتقان هاكىمىيەتنىڭ دېگىنى بويىچە قەدەم ھەرىكىتىڭنى توغرا ئېلىشنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويساڭ بولمايدۇ! تەجرىبە-ساۋاقلار ساڭا ھەمىشە سىگنال بېرىپ تۇرسۇن!

# ئوغلۇم، سەن شۇنداق گىگانت بالا

ئوغلۇم، مەن سەن توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدىم. ئەمەلىيەتتە بۇ سېنىڭ ۋە مېنىڭ، شۇنىڭدەك پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ بېشىدىن بىرمۇبىر، تەبىئىي رەۋىشتە ئۆتكەن ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ بايانى بولۇپ، ھەممىسى قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك. چۈنكى، ھەرقانداق ئىش-ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ، سېنىڭ ياراملىق بالا بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭدىكى سىر ۋە جەريانلار مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. مەن شۇنداق قارايمەنكى، ياخشى نەتىجىلىك بىرەر ئىش ياكى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن بىر ياخشى ئۆرنەك. سېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىڭمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا، پەخىرلىك تۇيغۇ بىلەن سېنى گىگانت بالا دەپ ئاتايمەن. شۇنداق دېيىشكە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىش-ھەرىكىتىڭ، نەتىجەڭ بار. سەن بالىلىق دەۋرىڭدە تەكتۇشلىرىڭ قارشى ئالىدىغان، ھەربىر ئاتا-ئانا ۋە ئوقۇتقۇچى، جەمئىيەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجى، پۈتكۈل ئىجتىمائىيەت قوللايدىغان ھەم ئارزۇ قىلىدىغان ئىلغارلىقنى تولۇق نامايان قىلدىڭ، مەن دەۋاتقان گىگانتلىق دەل مۇشۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە خاس گىگانتلىق بولۇپ، ھەرگىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى گىگانتلىق ئەمەس. دېمەك، ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە مەنسۇپ

گىگانتلىق بولۇپ، كەلگۈسۈڭنى يارىتىشقا ئۇل سالغانلىق بولىدۇ، خالاس.

ئوغلۇم، سېنى ۋە ئۆزۈمنى ماختىغانلىقىم ئەمەس، مەن پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ، ئاتا-ئانىلارنىڭ، ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ماڭا ۋە ساڭا ھەم بىزگە ئوخشاش قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. كەيىپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەت ئورنىغا بالىلارنىڭ بەختى، كېلەچىكى ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ، بۇنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرسا دەيمەن!

ئوغلۇم، راست گەپنى دېسەم، سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇساپەڭ بەك مۇشكۈل، سەن تېخى بىرلا تارىخىي دەۋر — بالىلىق دەۋرىڭنى تاماملاش ئالدىدا تۇرىسەن، بۇ ھايات مۇساپەڭدە قىممەتلىك تەجرىبە يارىتىپ، كېيىنكى ھايات بىنايىڭ ئۈچۈن ئۇل سالدىڭ، تېخى مۇشكۈلات ئالدىڭدا. ئەمدى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەمەلىي نەپ بېرەلەيدىغان، پۈتۈن دۇنيانى نەزەردە تۇتىدىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىدىغان روھ بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى، غەلىبىسى، ئورتاق نىشانى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان، تەشەككۇرگە نائىل قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار يارىتىپ، ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزگىلەرنى تاۋلىيالايدىغان بولۇشۇڭ كېرەك. يەنىمۇ كونكرېت ئېيتسام، گىگانت ياش، گىگانت ئادەم، گىگانت ئىختىرا ئىگىسى بولۇشۇڭ كېرەك. بۇ كېيىنكى كىشىلىك ھاياتىڭنىڭ نىشانى بولسۇن. بىراق بۇنداق قىلىش ئاسان ئەمەس، «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» نى ئېسىڭدە تۇتساڭ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرالايسەن. بۇنىڭدا ئىچكى ئامىل ئاساس، باشقا ھەرقانداق ئامىللار قوشۇمچە بولىدۇ. ساڭا تەۋسىيە قىلىدىغان بىرقانچە ھېكايە بار. بۇ ھېكايىلارنىڭ كىم تەرىپىدىن ئىجاد

قىلىنغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما جەمئىيەتتە تارقىلىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ. يەنە بىر ئىشنى دېسەم، مەن چۈشىنىشلىك قىلىش ۋە دېمەكچى بولغان مەقسىتىمگە يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئايرىم مەزمۇنلارنى قوشۇپ يېيىتتىم. ھېكايىلار ئاڭلانماققا ئاددىي بىلىنىدۇ. ئەمما، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىدارلىققا ئىگە. شۇڭا، يۈزە قاراپ قالمىغىن.

**بىرىنچى ھېكايە:** يولۋاس بىلەن توشقان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى قىلماقچى بولۇپ كېلىشىپتۇ. توشقان ھەر كۈنى مەشىق قىلىپ تۇرۇپتۇ. يولۋاسنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي بەخىرامان يۈرۈپتۇ، مەشىقمۇ قىلماپتۇ. مۇسابىقىلىشىدىغان كۈنى يولۋاس ئۇخلاپ قاپتۇ ۋە مۇسابىقىگە كېچىكىپ بېرىپتۇ ھەمدە: «مېنىڭ كۈچۈم بار، سېنى چوقۇم يېڭىۋالىمەن، سەن قانچىلىك بىرنېمە ئىدىڭ؟!» دەپ كۆرەڭلەپتۇ. ئەپسۇسكى، رەسمىي يۈگۈرۈش باشلانغاندا، يولۋاس ھېرىپ قېلىپ، تەڭ يولدا يىقىلىپ قاپتۇ ۋە ئۇختۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ يولۋاس تەن بەرمەي قايتا مۇسابىقىلىشىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. توشقان بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بوپتۇ. يولۋاس بۇ قېتىم مۇسابىقە كۈنىگىچە يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلىپ، توشقاننى يېڭىمەن دەپ قەتئىي نىيەتكە كەپتۇ. مۇسابىقە كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ئويلىمىغان يەردىن، توشقان مۇسابىقە مەيدانىغا بىر دانە مۇسابىقە ئاپتوموبىلىنى ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە يەنە يولۋاسنى يېڭىۋاپتۇ. يولۋاس يەنە قايتا مۇسابىقە ئېلىپ بېرىشنى، ئۇچىنچى قېتىم چوقۇم توشقاننى يېڭىپ چېمپىيون بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. توشقان ماقۇل بوپتۇ، يولۋاس ئەڭ تېز، ئەڭ بىخەتەر مۇسابىقە ئاپتوموبىلىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ مەشىق قىلىشنى

داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مۇسابىقە باشلىنىدىغان چاغدا، يولۋاس مۇسابىقە مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا، توشقان ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان بىر ئايروپىلاننى ئېلىپ بېرىپ يولۋاس بىلەن مۇسابىقىلىشىپ يەنە يېڭىۋاپتۇ. بىچارە يولۋاس: «بوي-سالاپەتكە ھېچ نەرسە كەلمەيدىكەن، ھەركىم كىچىك بولسىمۇ، ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشى كېرەك ئىكەن!» دەپتۇ ئاخىر خورسىنغان ھالدا.

بۇ ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى رېئاللىقتىن كەلگەن بولۇپ، جەريانى توقۇلما بولسىمۇ، تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلىساق، بىزگە ئۇچۇر كۆز قارىشى بىلەن رىقابەت كۆز قارىشىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، ئوغلۇم، سەندە كىشىلىك تۇرمۇشقا قارىتا رىقابەت ۋە كۈچلۈك ئۇچۇر كۆز قارىشى بولۇشى كېرەك.

**ئىككىنچى ھېكايە:** بىر ئايال باي بولۇش ئۈچۈن تولىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن پىلانلاپ، بىر دانە توخۇ سېتىۋاپتۇ، ئۇ توخۇنىڭ تۇخۇمىنى ئاۋۇتۇش ھەلەكچىلىكىدە توختىماي ئىزدىنىپ، ئوبدان بېقىپتۇ. تۇخۇم سانى مەلۇم چەككە يەتكەندە باسۇرۇپتۇ ۋە بىر يىلدىلا توخۇ سانىنى 30 غا يەتكۈزۈپتۇ، ئاندىن تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۈچ يىلدا توخۇنىڭ سانىنى 3000غا، تۇخۇم مىقدارىنى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە يىلىغا 100 مىڭ يۈەندىن كىرىم قىپتۇ؛ ئۇنىڭ قوشنىسى 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 20 مىڭ چۈجە سېتىۋېلىپ، بىراقلا قوشنىسىدىن ئېشىپ كەتمەكچى بوپتۇ. بىراق، چۈجىگە نۇرغۇن يەم-بوغۇز كەتكەندىن باشقا، چۈجىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىپ، كىرىمى ياخشى بولماي قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن چۈجىسى چوڭىيىش جەريانىدا ئۆلۈپ قاپتۇ. ئاخىرىدا سالغان مەبلىغىمۇ

چىقماي ئېغىر زىيان تارتىپتۇ. بۇ نېمە سەۋەبتىن؟ ئالدىنقى ئايال مەلۇم قىممەت قارىشى تىكلىگەن بولۇپ، جانلىق ئىش قىلغان. كېيىنكىسىدە قىممەت قارىشى بولسىمۇ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، قىممەت قارىشىنى ئۆلۈك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. دېمەك، ئوغلۇم، قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىشىڭدا قىممەت قارىشى تىكلەشنى ئۇنتۇما. ئالدىراقسانلىقتىن، ھەسەت قىلىشتىن، قارىسىغا دوراپ ئىش قىلىشتىن ساقلان، تەمكىن، جانلىق، دادىل بول!

**ئۈچىنچى ھېكايە:** بىر ئوۋچى بولۇپ، كەڭ كەتكەن يايلاقتا ئوۋ ئوۋلاپ جان باقىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى ئۆزگىچە ئىكەن، ھەر كۈنى تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ، يايلاقتا كىمنىڭ قانداق ئوۋ ئوۋلىغىنىنى، قانداق ئۇتۇق قازانغىنىنى ۋە سەۋەنلىككە يولۇققىنىنى كۆرۈپ ئولتۇرىدىكەن. شۇنداقلا يەنە، ئۆڭكۈر، تاغ قاپتاللىرى، جىرالارنى تەكشۈرۈپ، ھەر خىل ئوۋ ھايۋانلىرى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقىنى، قانداق ئارتۇقچىلىق-يېتەرسىزلىكى بارلىقىنى تەتقىق قىلىدىكەن. ئوۋچىلارنىڭ يىرتقۇچلار بىلەن كەسكىن ئېلىشىش ۋە ئوۋ قىلىش پائالىيەتلىرىنى، كەچۈرمىشلىرىنى كۆزىتىپ ھەم تاماشا كۆرىدىكەن، ھەم تەجرىبە توپلايدىكەن، قايسى ئوۋچى ئوۋدا مەغلۇبىيەتكە يولۇقسا ياكى سەۋەنلىككە يول قويسا، تۈزىتىش تەدبىرى ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىدىكەن ۋەياكى ئوۋ ئوۋلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغانلار شۇنداق كۆپىيىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى باشقىلارنىڭ ئېلتىپات قىلىشىغا سازاۋەر بولۇپ تۇرىدىكەن. ئوۋچىلار كۈنلۈكى ئۇنىڭغا ئوۋلىغان ھايۋاندىن

نەچچە ئون خىلنى ئاپىرىپ بېرىدىكەن، بىر مەزگىل ئۆتكەندە، باشقىلارنىڭ بەرگەن ھايۋانلىرى ئىغىل-قوتانغا پاتماي قاپتۇ، ئۇ قوتىنىدىكى ھايۋانلارنى ھەر خىل ماھارەتلەر بىلەن تەربىيىلەپ، يايلاققا قويۇپ بېرىپتۇ. بۇ ھايۋانلار ھەرقانداق ئوۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماپتۇ. ئوۋچىلارنىڭ كۆنى قىيىن ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئوۋچىلار ئۇنىڭدىن قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىغاندا، قوتىنىدىكى ھايۋانلارنى ئۇلارغا سېتىپ بەرگەندىن باشقا، يايلاقتا ئوۋ ئوۋلايدىغان بىرنەچچە خىل قورال-سايمان ياساپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇزاققا قالماي غايەت زور بايلىققا ئىگە بولۇپ، مونوپول ئوۋچىغا ئايلىنىپتۇ.

دېمەك، ئوغلۇم، تاغ چوققىسىدىكى ئوۋچى پۇرسەت بىلەن كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدرىگە قانداق يېتىشنى بىلىش ئارقىلىق، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايمۇ ئۇتۇق قازانغان. خۇلاسە شۇكى، باشقىلار ياراتقان نەرسىلەر ئىچىدىن ئۇلار پايدىلىنىشنى بىلمەي قالغانلىرىنى ئۆز ئىختىيارىڭغا ئېلىشنى بىل ھەم ئۇنى يەنە ئىشلىتىشنى بىلمىگەن ئاشۇ ئادەملەرگە سېتىپ، ئۆز نەرسىسىدىن ئۆزى پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قىممەت يارىتىشنى بىل، ئۆزۈڭدىكىنى خوراتماي، بەلكى ئۇنىڭ مىقدارى، سۈپىتى، قىممىتىنى ئىزچىل ئاشۇرۇشقا تىرىش. «ئىلغاڭدا گۆش بولسا، ھامان مېھمانغا يارايدۇ». بۇنداق زاپاسلىق ئىنساننى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يۇكسەك پاراغىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. ھەققانىي، ئادىل، ئاشكارا يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل ھەرىكەت، يەنى تۇرمۇش، ياشاش سەزگۈرلۈكى ۋە ئەقىل-پاراسەت كىلەچىكىڭنى پارلاق قىلىپ يارىتىدۇ. مانا بۇ تۇرمۇشنىڭ يولى، بىر خىل يۇكسەك ئىقتىدار. ئۇنى

ئەقىلنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشقا سېلىنىشى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

**تۆتىنچى ھېكايە:** جۇڭگولۇق تىكتاك توپ ماھىرى لى دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، ئاسىيادىمۇ شۆھرەت قازانغانىكەن، ئۇ ئامېرىكىدىكى مۇسابىقىدە بەش توپ ئۇتۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ. ھەر قېتىم توپ ئۇرغاندا بىر پۇتىنى يەرگە «پاق-پۇق» ئۇرۇپ «ھايت-ھۇيت» دەپ ۋارقىراپ قويىدىكەن، مۇسابىقە نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدىغان چاغدا، مۇسابىقە تەشكىلىي ھەيئىتى ئۇنى چېمپىيونلۇقتىن قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. لى غەزەپكە كېلىپ ئۇلاردىن سەۋەبىنى سورىغاندا، ھەيئەتلەر: «دۇنياۋى مۇسابىقىلەردە پۇتىنى يەرگە ئۇرۇش، ۋارقىراش تەرتىپكە خىلاپ، مۇسابىقە ئىنتىزامىنى بۇزغانلىق بولىدۇ، شۇڭا سىزنى تاللاشقا بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئوغلۇم، بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئايانكى، بۈگۈنكى دۇنياۋى قائىدىلەرنى بىلىش بىلەن بىر چاغدا، دۇنياۋى بىلىم قۇرۇلمىسى يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. ھاياتلىقتا دۇنياغا يۈزلىنىمەن، دۇنيا مىقياسىدا ئالدىنقى قاتاردىكى تەرەققىيات ئىگىلىرىدىن بولىمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم دۇنياغا يۈزلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشۈڭ كېرەك!



## قوشۇمچە (1)

# ئاكامنىڭ ئۆتۈق ۋە خىسلەتلىرى

### مەردانجان ئابلەت

**ئەسلىي ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى**

ئوغلۇم، چوڭ ئىنىڭ مەردانجان سەن شاڭخەيگە مېڭىش ئالدىدا، ئىككى پارچە تەسىرات ماقالىسى يازغانىدى. سەن بۇنى ئاڭلاپ: «مېنى بەك كۆككە كۆتۈرۈۋېتىپسەن، ئۇچۇپ كەتمەي جۇمۇ يەنە، ئۇكام!… بولدى، گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن!» دېگەنىدىڭ. بىراق، بۇ ماقالە ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىغا پۇر كەتتى، يۇقىرى ئابرۇي قازاندى، قانچە-قانچە سورۇنلاردا ئوقۇلدى، بولۇپمۇ سەن يوق سورۇنلاردا، قوشنىلارنىڭ ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ سەن ۋە مەردانجان دېمەتلىك بالىلىرى ئالدىدا ئوقۇلدى. نەتىجىدە ئىككى خىل ياخشى تەسىر قوزغىدى: بىرى، ماقالىنى ئاڭلىغان بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى «ئابدۇسالامجانمۇ ماڭا ئوخشاش ئوقۇغۇچى، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ نەتىجە قازىنىشىم كېرەك» دەپ ئۆزىگە روھىي ئىلھامبەخش ئەتتى؛ يەنە بىرى، مەردانجان دېمەتلىك بالىسى بار ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا: «قارا، باشلانغۇچنىڭ 6-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان تەڭتۇشۇڭ ئۆزىنىڭ ئاكىسى توغرىسىدىكى تەسىراتنى شۇنداق

جانلىق ۋە قايىل قىلارلىق يېزىپ چىقىپتۇ، سېنىڭ قولۇڭدىن شۇنچىلىك ئىش كېلەمدۇ-ھە؟!» دېيىش ئارقىلىق، ئارىلىقتىكى پەرقنى ئايرىپ، بالىلىرىنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا تۈرتكە بولدى. بۇنىڭ بىلەن مەردانجاننىڭمۇ روھى كۆتۈرۈلۈپ، قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ، بىلىم ئېلىش، بولۇپمۇ دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش كەيپىياتى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ باردى. بەزى تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭغا رىقابەت ئېلان قىلدى. ھازىر ئىنىڭ مەردانجاننىڭ كىچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانلىقىنى، تەتىلنى بوشقا ئۆتكۈزمەي، تىل ئۆگىنىش كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ كەسپىزلىكلىرىنىڭ بىردىنلا ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېس قىلغان بولاتتىڭ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پىلانلىرى كۆپ، مەقسىتى: ساڭا ئوخشاش ئەلاچى ئوقۇپ، يۇقىرى مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئۇمىدىڭنى يەردە قويماسلىق، بىزنىڭ ئارزۇيىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ئاقلاپ، ئەل-ۋەتەن ئۈچۈن ياراملىق ئەۋلاد بولۇش. ئۇ راستىنلا ئالغا باستى، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تىل-يېزىقنى ئۆگىنىشتە خېلى ئالغا باستى. بۇ يىل قىشلىق تەتىلدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەكتەپ بويىچە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» ۋە «ئىلغار سىنىپ كادىرى» بولغانلىقىنى ئېيتتى ھەم مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ كۆرسەتتى!

مەن ئىنىڭ مەردانجان يازغان ئىككى پارچە ماقالىنى قايتا ئوقۇپ، يەنە بىر قېتىم قاتتىق ھاياجانلاندىم ۋە سەن ھەققىدە مەن يازغان مەزمۇنلاردىنمۇ مۇھىم مەزمۇنلارنى بايان قىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ كىتابىمدىن ئورۇن بېرىشنى مۇناسىپ كۆردۈم.

# ئاكام

ئاكام ئابدۇسالامجان 15كە كىردى، بۇ يىل قەشقەر شەھەرلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز 3-يىللىقىنى پۈتكۈزۈپ، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتتى. ئاكام كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆزىنىڭ ئىشنى ئۆزى قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن، مەكتەپ يېشىغا توشماستىنلا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدىن تارتىپلا، ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويىاتتى، ئۆگىنىش نەتىجىسى ۋە باشقا جەھەتلەردە ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالىناتتى، تاپشۇرۇق ئىشلەش، ئەخلاق، تەشكىلىي ئىنتىزامغا بويسۇنۇش، ئۆگىنىش ۋە تازىلىقتا ساۋاقداشلىرىغا ئۈلگە بولاتتى، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكىنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۆگىنىش قىلىشقا بىر كىرىشىپ كەتسە، كېچە سائەت بىر-ئىككىلەرگىچە باش كۆتۈرمەي ئۆگىنەتتى؛ ئىمتىھاندا سىنىپ بويىچىلا ئەمەس، بەلكى مەكتەپ بويىچە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەيتتى.

ئاكامنى ئوقۇتقۇچىلاردىن تارتىپ مەكتەپ رەھبەرلىرىگىچە ئىززەتلەيتتى، ئاكاممۇ ئۇلارنى ھۆرمەتلەيتتى. ئاكامنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقى، ساۋاقداشلىرىنىڭمۇ ئاكام بىلەن بولغان دوستلۇقى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. ساۋاقداشلىرى دەرستىكى چۈشىنەلمىگەن يەرلەرنى ياكى يازالمىغان كونسپېكلارنى ئاكامدىن سورايتتى. ئاكام ئېرىنمەي، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويىاتتى. بىلمىگەن، يازالمىغان دەرسلەرنى

تولۇقلىۋېلىشىغا ياردەم بېرەتتى، ئاكاممۇ بىلمىگەن مەزمۇنلارنى ساۋاقداشلىرى بىلەن تالاش-تارتىش قىلىپ ئوقۇتقۇچىلاردىن تارتىنماي سوراپ ئۆزلەشتۈرۈۋالاتتى. بەزىدە ساۋاقداشلىرىنى ئۆيىمىزگە باشلاپ كېلىپ بىللە تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى، مۇزاكىرە قىلاتتى. بەزىدە كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەب بىلەن مەكتەپكە بارالمىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاپ بېرەتتى.

ئاكام ھەر كۈنى كەچتە، دەرسلىرىنى تەكرارلاپ بولۇپ، بىزگىمۇ دەرس ئۆگىتىپ قوياتتى. سوئال سورىسام، ھەرقانچە جىددىي ئىشى بولسىمۇ، سوئالىمغا مەن رازى بولغانغا قەدەر جاۋاب بېرىشكە تىرىشاتتى. ئاكامنىڭ مۇشۇ ئادىتىگە بەكمۇ ئامراق ئىدىم، ئاكام بىردەم بىكار تۇرمايتتى، ئاساسلىقى ئۆگىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى. مەن ئۇنىڭدىن: «چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىسەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىدىسون ۋە ئېينىشتېينلارغا ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر ئالىم بولىمەن!» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ يەنە: «پۇرسەتنى تۇتۇپ ياخشى ئۆگەنمىسەك، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرى بولۇپ قالىمىز!» دەيتتى. «ئاكا، دەرسكە بەك بېرىلىپ كەتمە، جىق ئۆگەنسەڭ كاللاڭنى چارچىتىپ، ئۆزۈڭنى تۇگەشتۈرۈۋالىسەن!» دېسەم، ئۇ: «ھەرگىز چارچىمايمەن، ئۆگىنىپ چارچاپ كېتىش بىھۇدە چارچىغاندىن مىڭ ياخشى!» دەيتتى مەردانىلىك بىلەن. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن قاتتىق تەسىرلىنەتتىم، بۇنداق ئىرادە، تىرىشچانلىق ۋە جاسارەت بولغان يەردە ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى، قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم.

ئاكام كۆپ قېتىم مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەنىدى. يەنە ھەر

قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان فىزىكا-خىمىيە پەنلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىدە بىرىنچى بولاتتى.

ئاكام تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن مەغرۇرلانماي، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنەتتى. بەزى بالىلار ئۇنداق ئەمەس، نەتىجىگە ئېرىشە-ئېرىشمەي، يوغانچىلىق قىلىدۇ، ئۆز-ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دەرسلەردە چېكىنىپ كېتىدۇ. ئاكام شۇنداق زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپمۇ قىلچە يوغانچىلىق قىلمايدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە تەمەننا قويمايدۇ. ئاكام دەرس ۋە ئىنتىزامدا ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقتىن، ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، ئوتتۇرىچە نەتىجىسىنى 99 پىرسەنتتىن چۈشۈرمەيتتى، بۇنىڭدىن ئائىلىمىزدىكىلەر پەخىرلىنەتتۇق. بىز داۋاملىق ئاكامغا مەدەت بېرىپ: «تېخىمۇ تىرىشقىن!» دېسەك، ئاكام: «چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن ئاساس يارىتىمەن!» دەيتتى. دەرۋەقە ئۇ پۈتۈن زېھنىنى دەرسكە قارىتاتتى. مەن: «دەرسنى ئۆگىنىۋېرىپ نېمىشقا زېرىكمەيسەن؟» دەپ سورىسام، ئاكام كەسكىن تۇردە: «دەرسنى ئۆگەنگەنسېرى زېرىكمەيمەن، پەقەت كۆڭلۈڭدە شۇنداق بىر قەتئىيلىك بولسىلا، ھېرىپ-چارچاش، زېرىكىش دېگەننى بىلمەيسەن، سەندە شۇنداق بىر روھ يوق، گېپىمگە چىنپۈتمىسەڭ، كۆڭلۈڭدە شۇنداق نىيەت قىلىپ، بېرىلىپ ئۆگىنىپ باق، شۇ چاغدا بۇ ھەقىقەتنى بىلىپ يېتىسەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بەزىدە ئۆگىنىشتىن زېرىكىپ، ئاكامدىن ئۇنى-بۇنى سورىسام، ئېرىنمەي جاۋاب بېرىپ قانائەتلەندۈرەتتى. سوئاللىرىم شاخلاپ باشقا تەرەپكە كېتىپ قالسا، ئۇ: «بولدى قىل، دەرسىڭنى ئۆگەن، ۋاقتىمىزغا تەسىر يەتمىسۇن!» دەيتتى.

بىز كەچلىرى بىللە ئۆگىنىش قىلغان كۈنلەردە ئۇيقۇم كەلسە ياكى سەل زېرىكىپ قالسام، ئاكامغا چاندۇرماي ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كېتەتتىم. كۆپ چاغلاردا ئاكام ئۆگىنىش قىلىپ بولۇپلا، ياتاق ئۆيگە كىرىپ، خىيالغا چۆكەتتى. مەن نېمە ئويلاۋاتقىنىنى سورىسام، ئۇ: «بىر تەجرىبە ئىشلەپ باقساممىكىن دەيمەن...» دەيتتى.

بىر قېتىم ئاكام: «كەپتەرنىڭ بېشىنى تەجرىبە قىلىپ باقساق قانداق؟» دېدى، مەن بەك خۇشال بولدۇم. ئىككىمىز كەپتەردىن بىرنى ئۆلتۈردۇق. ئاكام قايچا، پىچاق، يىپ-يىڭنە بىلەن كەپتەرنىڭ بېشىنى يېرىپ، ھەربىر قاتلاملىرىنى ئېچىپ كۆردى، كېيىن يەنە ئۆز ئەسلىگە ئەكېلىپ قويدى. مەن ئۇنىڭدىن: «سەن كەپتەرنىڭ بېشىنى قانداق قىلىپ ئۆز ئەسلىگە كەلتۈردۈڭ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «بۇنىڭ بېشىنى قۇراشتۇرۇش كۆڭۈل قويسا، تەس ئەمەس ئىكەن، پەقەت يارغان چاغدا قانداق قىلغان بولساڭ، يەنە شۇ پېتىچە جايى-جايىغا كەلتۈرۈپ يامىساڭ بولىدىكەن، مۇھىمى، يارغاندا ھەربىر بۆلەكنى ئايرىم-ئايرىم قويۇش ياكى دەپتەرگە يېزىپ قويۇپ، ئاخىرىدا شۇ بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەككەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئەتىسى: «يەنە بىرنەرسىنى تەجرىبە قىلىپ باقايمىكىن دەيمەن، بىزنىڭ ئۆيدە ھەمىشە توك كېتىپ، ئۆگىنىش قىلىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنداق چاغدا بەكلا جىلە بولۇپ كېتىمەن، شۇڭا ئۇچىنى بېسىپ خەت يازسا، چىرىغى يانىدىغان بىر ماي قەلەم ياساپ باقايمىكىن دەيمەن» دېدى. مەن: «ئەجەب ياخشى ئويلاپسەن، تەجرىبە قىلىپ باقايلى!» دەپ قوللىدىم. ئاكام تەجرىبە تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى، كېتەرلىك نەرسىلەرنى بازاردىن سېتىۋالدى. ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە

ئاكام ماڭا: «ئۇكام، مەن ھېلىقى ماي قەلەمنى ياسىدىم» دېدى. بىز ئۇنىڭ «كەشپىيات»ىنى سىناپ باقتۇق. ھەقىقەتەن نەتىجىلىك چىقتى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر كەچلىكى ئاكام ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا، توساتتىن توك كەتتى، ئاكام دەرھال ھېلىقى ماي قەلەمنى ئىشقا سېلىپ خېتىنى يېزىۋەردى. ئەتىسى ئاكامغا: «ئاكا، ئاخشام توك كەتكەندە، ھېلىقى ماي قەلەمنى ئىشلەتتىڭ، قارىغاندا تەجرىبەڭ ئوڭۇشلۇق بوپتۇ-دە» دېدىم. ئاكام ئۆزىمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ شەنبە-يەكشەنبە، بايرام كۈنلىرىدە ئاكام ئۆگىنىش قىلغىلى سىرتلارغا چىقىپ، باشقا تەجرىبىلەرنىمۇ قىلاتتى. بىلىشىمچە، بۇنىڭ كۆپىنچىسى دەرسلىكلەردە ئۆتۈلىدىغان مەزمۇنلارغا ئائىت تەجرىبىلەر ئىدى.

ئاكام بىر كۈنى بىر پارچە شېئىر يازماقچى بولدى. ئەتىسى پۈتكۈزۈپ ماڭا ئوقۇپ بېرىۋىدى، شۇنداق ياخشى چىققانلىقىنى بىلدىم. ئاكام مەكتەپكە بارمىغان چاغلىرىدا ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەي، يا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلايتتى ياكى ماقالە-شېئىر يېزىشنى ئۆگىنەتتى. دادام-ئاناملار ساياھەتكە ئاپارسا، كۆرگەن جايلارنى تەسۋىرلەپ ساياھەت خاتىرىسى ۋە تەسىراتلارنى يېزىپ، مەتبۇئاتلارغا بېرەتتى. يولدا كېتىۋاتقاندا ياكى مەكتەپتە ئۆزىگە تەسىر قىلغان بىرەر ئىشقا يولۇقسا، شۇ توغرىدا خاتىرە يېزىپ قوياتتى، ئاندىن يازغانلىرىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ مۇھاكىمە ئېلىپ باراتتى. تولا ھاللاردا بىكار ۋاقىتلىرىدا گېزىت-ژۇرنال، تەبىئىي پەنگە ئائىت قوللانما ۋە ئالىملار ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشقا ناھايىتى ئامراق ئىدى، كىتابخانىلارغا بارسا، ئۆزى يىغقان پۇللارغا كىتاب ۋە ئوقۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئالاتتى. ئۇ ياتاق ئۆيىمىزگە، ئۆگىنىش

قىلىدىغان ئورنىمىزغا ئالىملارنىڭ نۇرغۇن رەسىملىرىنى چاپلىغان بولۇپ، ئادەمنى ئىلھاملاندۇرۇش رولىغا ئىگە ئىدى.

ئاكام ئىقتىسادچىللىققا ئەھمىيەت بېرەتتى. بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى بولسا، پۇلنى ناھايىتى تېجەپ ئىشلىتەتتى، ئەستايىدىل ھېسابلايتتى ۋە ھېسابلىشاتتى، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا پۇل يىغىشقا ئادەتلەنگەنىدى. پۇلنى پەقەت بۇزۇپ-چاچمايتتى، زۆرۈر نەرسىلەرنى سېتىۋالماقچى بولسا، يىغقان پۇللىرىنى ئىشلىتەتتى. دادام ياكى ئانامدىن پۇل سورىمايتتى. ئۇ دائىم ماڭا: «سەن تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا ۋە ئىقتىسادچىل ئەمەس، بۇنداق يامان ئادىتىڭنى تاشلا!» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. دادام كاماندىروپكىغا چىققىدىغاندا: «ئاناڭلارنىڭ ۋە ئاكاڭلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاڭلار، ھەرگىز كەپسىزلىك قىلماڭلار، دەرسنى ۋاقتىدا ئۆگىنىڭلار، تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلەڭلار» دەپ تاپىلايتتى. ئاكام بىزنىڭ ئۆگىنىش قىلىش، تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋە ئىنتىزامىمىزغا مەسئۇل ئىدى، بىزنى چىڭ تۇتۇپ، ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-تۈزۈملۈك بولۇشقا ئۈندەيتتى. دەرسلىرىنى بىر تەرەپتىن ئۆزىمۇ ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن بىزگە يېتەكچىلىك قىلاتتى، ئۇكام ۋە مەن باشقا باللار بىلەن مەرمەر ئوينىساق، ئاكام: «بۇ ئويۇن ئەمەس، بەلكى بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار!» دەپ بىزگە مىساللارنى كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرەتتى.

ئاكام تەتىلنى بىكار ئۆتكۈزمەيتتى، ھەر خىل كۇرۇژۇكلارغا قاتنىشاتتى، مەنمۇ بىرگە بېرىپ بىلمىگەن نەرسىلىرىمنى سورىسام، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. بىز كۇرۇژۇكتا ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولساقمۇ، يەنە تەكرارلايتتۇق، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزەتتۇق.

ئاكام ھەمىشە بىزگە دۇرۇس، ئەدەپ-قائىدىلىك بولۇش توغرۇلۇق تەربىيە بېرەتتى، بىرەر نەرسە تېپىۋالساقلار، ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ھەرگىز قارا سانىماڭلار، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىق ياخشى خىسلەت دەيتتى. بىر كۈنى بىر قەلەم تېپىۋېلىپ، ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش نىيىتىدە ئاكامغا مەسلىھەت سالغىنىمدا، ئۇ: «قەلەمنى دەرھال مەكتەپ پىئونېرلار ئەترىتى ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەر!» دېدى. ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىۋىدىم، مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدۇم.

ئاكام دەرستىن سىرتقى رەسىم سىزىش، چېنىقىش، توپ ئويناش قاتارلىق ھەرخىل پائالىيەتلەرگىمۇ قىزىقاتتى. بىزگە رەسىم سىزىشنى ئۆگىتىپ قوياتتى، توپ ئويناشقا تەشكىللەيتتى، مۇشۇ ئارقىلىق بەدەن ساغلاملىقىمىزنى ئاشۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرەتتى.

ئاكام بىزگە: «بىكار ۋاقىتلاردا چېنىقساڭلارمۇ، ماقالە يازساڭلارمۇ بولىدۇ، ماقالە يېزىش نېرۋىنى ئېچىپ، هاردۇقنى چىقىرىپ، مېڭە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق، زېھنىڭلارنى ئۆتكۈر قىلىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچۈڭلارنى ئاشۇرىدۇ ۋە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىڭلار ئۆسىدۇ...» دەيتتى. بىر قېتىم مەن: «ساياھەت قىلغان جاي ياكى بىرەر ئىشنى ئۆزۈمگە تەتبىقلاپ، بايان ماقالىسى يازسام بولامدۇ؟» دېسەم، ئۇ: «توغرا، شۇنداق ئىشلارنى مەزمۇن قىلىپ يېزىشنى باشلىساڭ، يېزىقچىلىقتا نەتىجە قازىنىسەن» دېدى. بىز ماقالىنى «ئۈمىد چېچەكلىرى»گە ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدۇق. ئاكام ماقالىنىڭ ئىملاسىنى تۈزىتىپ، پەش، چېكىتلىرىنى جايىغا قويۇپ بەردى ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈشۈمنى ئېيتتى. بىرنەچچە

پارچە ماقالىنى گېزىت-ژۇرناللارغا ئەۋەتتۇق. ئاكام ئىزچىل هالدا مېنى دەرس ئۆگىنىش، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ۋە دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە يېتەكلىدى، مەن شۇنى هېس قىلدىمكى، ئاكامدەك بولۇش ئۇچۇن هارماي-تالماي ئۆگىنىشىم هەم ئۆگىنىشنى دائىملىق ئادىتىمگە ئايلاندۇرۇشۇم كېرەك. ئاكام مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش، ئالغا بېسىش يولۇمنى يورۇتقۇچى بىر مەشئەل، يۇكسەك پەللىگە ئۆرلەشتىكى شوتام!

2003-يىل 20-ئىيۇل، قەشقەر.

## ئاكام ۋە مەن — ئۇكام ۋە مەن

ئاكام شاڭخەي چىباۋ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 2003-يىللىق شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا 1-يىللىق 1-سىنىپىدا ئوقۇيدۇ. مەن 12 ياشقا كىردىم، قەشقەر شەهەرلىك 19-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6-يىللىقىغا چىقتىم، ئۇكاممۇ 12 ياشقا كىردى، مەن بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5-يىللىقىغا چىقتى.



ئاكام ئىرادىلىك، قەيسەر، ئەلاچى ئوقۇغۇچى. ئۇكام ئىككىمىز ئۇنىڭغا يېتىشەلمىسەكمۇ، ئىرادىمىز، جاسارىتىمىز ئوخشاش، قەلبىمىزدە بىر ئوتلۇق ئارزۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، كەلگۈسىدە ئاكامدەك ياخشى ئۆگىنىپ، شانلىق نەتىجە قازىنىپ، پارلاق كېلەچەكنى بەرپا قىلىش!

لېكىن، بىزنىڭ بەزى ئىشلىرىمىز تەلەپكە يەتمەيدۇ، يەنى ئۆزىمىزنى ئاكامغا سېلىشتۇرساق، ئايرىم قىلىق، ھەرىكەتلىرىمىز روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئاكام ئوقۇتقۇچىلار، ساۋاقداشلار ۋە مەھەللىدىكى قوشنىلار بىلەن شۇنداق ئىناق، ئىجىل ئۆتىدۇ، چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئۇكاممۇ بىر قەدەر شۇنداق، لېكىن مەن كۆپ ھاللاردا ئالدىراڭغۇراق بولغانلىقىمدىن، باشقىلارغا ئانچە ياخشى تەسىر بەرمەيمەن، كۆڭلۈمدە بولسا ھەممە ئادەم بىلەن دوست-ئىناق ئۆتسەم دەيمەن.

ئاكام ھەرقانداق ئىشنى ئۆزى مۇستەقىل قىلىشقا ئامراق، باشقىلارغا يېلىنمايدۇ، ئامال بولمىغاندا مەسلىھەت ئالىدۇ، ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمايدۇ. لېكىن، مەن بۇنداق ئىشلاردا سەل تەس كەلسىلا باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىمەن، چالا تاشلاپ قويىمەن، ئاقىۋىتى بىلەن كارىم بولمايدۇ. ئۇكام ھەرقانداق ئىشنى قىزىقىپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاتا-ئانام بار چاغدا تېخىمۇ شۇنداق، ئۇلار بولمىغاندا كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ، بىرەر ئىشنى ئۆزى قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنى ئويۇنغا تۇتۇپ، ئىشنىڭ ئاقساپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىشنىڭ پايدا-زىيىنى، جىددىي-مۇھىملىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئۆيىنىڭ ئىشلىرىدىمۇ ماڭا ۋە ئاكامغا بەس سالىدۇ...

ئاكام ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆزلەشتۈرىدۇ، ئىنتىزام، ئەخلاققا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ، دەرسنى ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ ۋە خاتىرە قالدۇرىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا قول كۆتۈرۈپ جاۋاب بېرىشكە ئامراق. مەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايمەن، ئىشنى يېرىم يارتا قىلىپ قويىمەن، باشتىكى ئىرادەم تۇرۇپلا

بوشىشىپ كېتىدۇ. مۇئەللىم سوئال سورىسا دەمال ئورنۇمدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ باقمەن، ئاقىۋەتتە ئىزاغا قالىمەن. ئۇكامىنىڭ ئىنتىزامى مەندىن ياخشى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە سىنىپ باشلىقى ئۇنى قۇلىقى يۇمشاق دەپ تەرىپلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا ئالدىراپ جاۋاب بەرمەيدۇ. بېشىنى سىلىپ جىم تۇرۇۋالىدۇ.

ئاكام ۋاقىت تاپسىلا ئۆگىنىش قىلىدۇ، تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ، كىتاب ئوقۇيدۇ، تەجرىبە ئىشلەيدۇ، مەن بىكار بولسام‌لا ئويناشقا خۇشتار. تاپشۇرۇق ئىشلەش، دەرس ئۆگىنىشكە بىرقەدەر قېرىق، ئۆزلۈكۈمدىن تىرىشقۇم كەلمەيدۇ. ئويۇندىن قول ئۈزەلمەيمەن. ئۇكامىنىڭ بەزى قىلىقلىرى ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ھە دېسە ئەركىلەيدۇ.

ئاكامدىن سوئال سورىسام قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدۇ، مەن بولسام ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۇكامدىن بىراۋ بىرەر سوئالنى سورىسا، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇۋېلىپ، ناھايىتى تاتلىق، جانلىق جاۋاب بېرىپ قارشى تەرەپنى رازى قىلىدۇ.

ئاكام ئەقىللىق، راستچىل، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەيدۇ، يالغان گەپ قىلمايدۇ. مەن نېمىشقىكىن، بەزىدە سەۋەنلىككە يانتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ سالسام، باشقىلارغا ئىشنىڭ جەريانىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىمەن، كۆپ ھاللاردا سەمىمىي بولماي قالىمەن، كىچىككىنە ئىشلاردا ئوتايلا باشقىلار بىلەن جېدەل قىلىمەن، بۇنداق چاغدا كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇكام بۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە بەك سەزگۈر، جېدەللىشىشتىن ئامال بار ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، ئۆزىدىن كىچىك باللار بىلەن ئويناشقا، ئۇلارنى باشقۇرۇشقا ئامراق، ئۆزىدىن چوڭلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، جېدەل يۈز بېرىشتىن

ساقلىنىدۇ. بىركىم ئۇرسىمۇ ئىغىر-بېسىقلىق بىلەن سۇركىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ دوستانە، سەمىمىيلىكى ئاكامغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئاكامنىڭ قۇلىقى يۇمشاق، كىمنىڭلا ئىشى چىقسا خالىسانە ياردەم بېرىدۇ، مەن بۇنداق قىلالمايمەن. ئۇكام بولسا ئۆز ئىشىغا پۇختا، باشقىلارنىڭ ئىشى چىقسا تومۇزدا قولى توڭىدۇ. بەزى ئىشلارنى دادام بىلەن ئانام تاپىلىسا، قورقۇش يۈزىسىدىن قىلىدۇ، خۇشياقمىسا يېتىۋالىدۇ، بەزى گەپلەر ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئاكام تاماق تاللىمايدۇ، مەن تاماق تاللايمەن ھەم سەي-كۆكتاتنى يېمەيمەن. ئۇكام قورسىقىغا ئامراق، تاماقنى تاللاپ ئولتۇرمايدۇ.

دۇنيادا ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق لەقىمى بولىدۇ، بىراق ئاكامنىڭ ھېچقانداق لەقىمى يوق، ئۇ ھېچكىمگە لەقەم قويمايدۇ ھەم لەقىمىنى ئاتاپ چاقىرمايدۇ. ئۇكام ئىككىمىزنىڭ لەقىمىمىز بار، ئۇنى بۇ يەردە ئاتاش ئەپسىز. ئۇكامغا مەن، ماڭا ئۇكام لەقەم قويغان. تېخى، بىر-بىرىمىزنى چاقىرغاندا قوشۇپ ئاتاپ، ئۆزئارا مازاق قىلىمىز...

شۇنداق، بىر قورساقتىن تۇغۇلغان ئۈچىمىزنى سېلىشتۇرغاندا، ھەممە جەھەتتە روشەن پەرققە ئىگىمىز، مەن ئاكامدىن كېيىن تۇرىمەن. ئۇكام مەندىن كېيىن تۇرىدۇ. ئۆزۈمنىڭ باھاسىنى لىللا دېيەلمەيمەن، باشقىلارنىڭ باھا بېرىشىگە قويىمەن!

ئاكامنى ئۇلگىلىك تىپ دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ شەھەر بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر» نىڭ بىرى، مەكتەپ بويىچە ھەر يىلى «1-دەرىجىلىك ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «مۇنەۋۋەر سىنىپ

كادىرى» بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ۋە ئىنىم بۇنداق بولالمىساقمۇ، ئۇنىڭ ئىزىنى باسىدىغان تايانچىسى، ئىككىمىزنىڭ ئاكامدىن قانچىلىك تەسىرلەنگەنلىكىمىزنى، ئىلھاملانغانلىقىمىزنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمىز. پەقەت ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە نەتىجىمىز بىلەن ئىزىنى بېسىشىمىز كېرەك. مەن ئۆزۈمگە ۋەكىللىك قىلىش سۈپىتىم بىلەن، ئاكامنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇ تىكلەپ بەرگەن خىسلەت نۇرى بىلەن ئۆسمۈرلۈك ھاياتىمنى نۇرلاندۇرىمەن، ئۇكامنىڭ مېنىڭ ئىزىمدىن مېڭىشىغا ئىشىنىمەن. بەلكىم ئۇكام مەن بىلەن ئاكام يارىتقان ياخشى تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ نۇرانە، شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈزنىڭ ئېشىپ كېتىشى بەرھەق ئەمەسمۇ!

2003-يىل 10-ئاۋغۇست، قەشقەر



## قوشۇمچە (2)

# رىشتە ئالبومىغا چېكىلگەن نەقىشلەر

**ئەسلى ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى**

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە زور بولىدۇ. مەكتەپ قوينىغا قەدەم باسقان ھەرقانداق ئۆسمۈر ئوقۇتقۇچىنىڭ پەپىلىشىدىن ھاياتلىق گۈلشەنلىرىگە ئوزۇق ئالىدۇ، ئوغلۇم، سەنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. سېنىڭ ئىككى ئوقۇتقۇچۇڭ تەلىم-تەربىيە جەريانىدىكى بەزى ئىشلار ھەققىدە توختىلىپ، كۆڭلىدىكى تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلدى. مەن پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە ئائىلىمىز نامىدىن ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىقتىدارلىق ئەۋلادلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە تىلەكداشمەن. بۇ باغۋەنلەرنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، تۆۋەندە ئۇلار يازغان ئىككى پارچە ماقالىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم.

# ئوقۇغۇچى روھىدا...

## ئايگۈل توختى

(قەشقەر شەھەرلىك 3ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)



ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئاتا ـ ئانا بالىغا ئاق سۈت بېرىپ، چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ساغلام بەدەن قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانا شۇنداق بىر ماياككى، ئۇ بالىنىڭ كۆڭلىدىن مەڭگۈلۈك ئابىدە سۈپىتىدە ئورۇن ئالىدۇ. چۈنكى ئادىمىيلىك دىيانەت ۋە پاساھەت بالىغا ئۇلار ئارقىلىق سىڭىدۇ. ئوقۇتقۇچى — دىلنى يورۇتقۇچى، ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى! ئۇ ئاشۇنداق پەزىلىتى بىلەن بالىلارنىڭ قەلبىگە نۇر ـ ئىقبال تەقدىم قىلىپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، كېلەچەك يولىغا پاياندار سالىدۇ.

ھالبۇكى، بىر بالىنىڭ يېتىلىشى ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. مەن شۇنچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا، نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ياراتتىم ۋە تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىمگە تەتبىقلاپ تاكامۇللاشتۇردۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە، مەن زىيادە سۆيۈنىدىغان ۋە ھەممىگە ئۈلگە بولالايدىغان، تەسىر كۈچى زور بىر بالىنىڭ تەجرىبىسى بار. بۇنى سۆزلەپ قانات يايدۇرۇۋاتقانغا بىرقانچە يىل بولدى. يەنە قانچە يىل سۆزلىسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. بۇ بالا ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا ئەڭ ياخشى سەھىپە ئاچقاچقا، ئۇتۇقلىرىنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن. ئۇ مېنىڭ

مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچۇم— ئابدۇسالامجان ئابلەتتۇر!

مەن بۇ يەردە مۇنداق بىرقانچە ئىشنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلىمەن، بۇ ئاساسلىقى ئابدۇسالامجان ئابلەتنى ئوقۇتۇش جەريانىدا توپلىغان ۋە يەكۇنلىگەن تەجرىبىنىڭ بىر قىسمى، مېنىڭچە بۇ، ئاتا- ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

**1. ئابدۇسالامجان ئابلەت بىچارە- كۆڭۈلچەك ئەمەس ئىدى.**

مەن باشقىلارغا تەربىيە بەرگەندە تولا چاغلاردا بىچارە، كۆڭۈلچەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك، دېگەننى تەۋسىيە قىلىمەن. ئابدۇسالامجان ئابلەت كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا، ئەدەپ -ئەخلاقلىق، هايالىق ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلاردا ئاز- تولا كەپسىزلىكى بولسىمۇ، ئۆزىگە يارىشاتتى، ئېشىپ كەتكەن بەزى كەپسىزلىكىمۇ ئۇتۇقى بىلەن كۆمۈلۈپ بالانسلىناتتى، ئەيىب بولۇپ كۆرۈنمەيتتى. كېيىنچە كەپسىزلىكلىرى تۈگەپلا كەتتى، پۇتۇن زېهنى بىلەن بېرىلىپ دەرس ئۆگىنىش ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ بويى ئۆسۈپ، چوڭ دەپ قارىلىدىغان باللارنىڭ قاتارىغا ئۆتكەندە، ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئۇششاق- چۇششەك ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا قىلدۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى، ئەمما ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى شۇ خىل ئىشقا بۇيرۇغاندا، ئۆگىنىش قىلىشتىن ئىبارەت سەۋەب بىلەن كەسكىن رەت قىلاتتى، ھەتتا تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىغىمۇ تەكلىپ بېرىپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىكى مەشىق، مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ بېرىش ھەققىدىكى يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ كەسكىن رەددىيە بەرگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە، بۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئوقۇتقۇچى چىن كۆڭلىدىن قايىل بولاتتى. بىزنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈلمىمىزدە شۇنداق بىر يېتەرسىز ئىش بار: ھەدېگەندە تەنتەربىيە ئوقۇتۇشىغا زىيادە ئېتىبار بېرىلىدۇ، مەكتەپلەر ئارا مۇسابىقە، سىنىپلار ئارا مۇسابىقە، ناھىيە (شەھەر)، ۋىلايەت ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقە دېگەنلەر دائىم بولۇپ

تۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان باللار نەچچە ئاي دەرستىن ئايرىپ مەشىق قىلدۇرۇلىدۇ، نەتىجىدە مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان باللار دەرستە چېكىنىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ، ئەمما مۇسابىقىنىڭ شان-شەرىپىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەكتەپلەر ئاشۇنداق قۇربان بېرىشلەرگە رازى بولىدۇ. باللارغا نېمە ئامال؟ شۇ تۈپەيلى، دەرستە ئەلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور بىر قىسمى چېكىنىپ كېتىدۇ. بۇ، مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىز بەك قىزىپ كېتىپ، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىمىز، مۇشۇنداق پائالىيەتلەرگە بېرىلگەن بەزى باللارنىڭ دەرستىن پۈتۈنلەي رايى يېنىپ، پۈتۈن ئەس-يادى توپ بىلەن بولۇپ كېتىدۇ-دە، سىنىپ كۆچەلمەسلىك، سۆرەلمىلىك قىلىشتەك سەلبىي ھالەت شەكىللىنىدۇ. بىز باللارنىڭ بۇ تەرىپىگە سەل قارايمىز، تەنتەربىيىنى مۇھىمىنىڭ مۇھىمى، ساغلاملىقنىڭ ئاساسى قىلىۋالىمىز. بىراق، ئۇنى لايىقىدا ئېلىپ بېرىش، باللارغا ھەدېگەندە تاڭماسلىق كېرەك. ئابدۇسالامجان ئابلەت مۇنداق دېگەنىدى: مەن تەنتەربىيە تۈرلىرىگە بەك قىزىقىمەن. بىراق، مەن جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، شۇ ھالىتىمنى مۇۋاپىق ساقلىسام بولىدۇ، قانداقتۇر بەك چېنىقىپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكىنىم يوق، بۇنىڭدىن كۆرە، دەرسكە ھەممىدىن بەك قىزىقىمەن، شۇڭا چېنىقىشقا ئەمەس، ئۆگىنىشكە بېرىلىمەن. مېنىڭچە، تەنتەربىيە تۈرلىرىگە ئەقلىي قابىلىيىتى بىر قەدەر تۆۋەن ئوقۇغۇچىلار قىزىقىپ، تەلىيىنى سىناپ باقسا بولىدۇ، بىلىش كېرەككى، ھەممە ئادەم تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە ماھىرلاردىن بولۇپ كەتسە، قالغان پەنلەر بىلەن كىم شۇغۇللىنىدۇ؟ تەنتەربىيىنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرىدىكى رولى ئىنتايىن زور، مۇھىمى بىز ئىلىم-پەنگە قىزىقىدىغان، ئۇنى سۆيىدىغان ۋە مۇھىمىنىڭ مۇھىمى بىلىدىغان بولغاندىلا، ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىكىمىزنى ھېس قىلالايمىز. بوي-بەستىمگە

ئاساسلانغاندىمۇ تەنتەربىيىگە مۇناسىپ كېلىمەن، بۇنىڭغا قاراپلا تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىشقا زورلىساڭلار، قوبۇل قىلالمايمەن! ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماي قالماسلىق، نۇرغۇن مەنىلەرنى بىلىش قىيىن ئەمەس. مەكتەپلەردىكى مۇشۇ خىل ئىشلاردا باللار كۆڭۈلچەك بولۇپ قالماسلىقى، ئاتا-ئانىلارمۇ بۇنىڭغا ئەتراپلىق قاراپ، باللارغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان، كېلەچىكى يوق ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەشنى تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇشلىرى كېرەك.

**2. ئابدۇسالامجان ئابلەت داغۋازلاردىن ئەمەس ئىدى.**

بەزىلەرنىڭ داغۋازلىققا گەپ توغرا كەلمەيدۇ، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ھەممىمىز دېگۇدەك شۇنداق ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى نىسبەتەن ياخشىلانغان تۇرمۇش كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بەزىلەر تولىمۇ مەنمەنچى بولۇپ كەتتى، بۇ بىر خىل ناچار كەيپىيات بولسىمۇ، ھېچكىم يات كۆرمەيدىغان، ئەيىب سانىمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، بەزىلەر ھەتتا ئۆزىدىكى شۇ خىل نۇقسانلارنى باللىرىغا يۇقتۇردى، ئۇلارنى ھەشەمەتلىك سورۇنلارغا سۆرەپ باردى. بۇ ئاقىۋەتتە باللارنى داغۋاز، سۆلەتۋاز، پوركۆتەك، مەنمەنچى بەگزادىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ قورسىقىدا بىلىمى يوق، ئەمما قولىدا زامانىۋى سۆزلىشىش ئاپپاراتلىرى، ئۇچىسىدا ئالىي دەرىجىلىك كىيىم، قولىدا ئالتۇن سائەت ياكى ئۈزۈك، ئاستىدا ئالىي دەرىجىلىك كىچىك ئاپتوموبىل... ئىش قىلىپ، ئۇلاردا سۆلەت ۋە شۆھرەتپەرەسلىك مۇجەسسەملەنگەن بىر خىل سۇنئىيلىك مەۋجۇت. بۇنداق داغۋازلىق ئايرىم باللارنىڭ يۇمران جىسمى بىلەن تېخى تاۋلانمىغان روھىنى چىرماپ بولدى. مانا بۇلار باللارنىڭ ئىستىقبالىنى تۇمانلاشتۇردى. بۇ ھال باللار ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق. سۇرۇشتۇرۇپ كۆرۈشمىچە،

ئابدۇسالامجان ئابلەت ئەينى يىللاردا بۇنداق ئىشلارغا پەقەت ئارىلاشمىغان، ئاتا-ئانىسىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان ۋە ھە دېگەندە مۇناسىپ بولمىغان ئالاقە ۋە سورۇنلارغا قاتناشتۇرمىغان، يانفونغا ئوخشاش ئالاقە قوراللىرىنى ئېلىپ بەرمىگەن، دائىم ئاددىي-ساددا ياشاشقا ئۈندەپ، ئۈلگە-تەجرىبىلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

3. **ئابدۇسالامجان ئابلەت ئائىلە بىلەن جەمئىيەتتىن ئىلغار تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغاندى.** ئائىلە بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەسىرى بالىلارغا بەك تېز يۇقىدۇ، بولۇپمۇ تەسىرى يامان ئىشلار تېخىمۇ شۇنداق. بەزى بالىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزمەي تۇرۇپلا قىز-ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان مۇھەببەت پاتقىقىغا كىرىپ قالىدۇ. بۇ خىل زىيانلىق قىلمىش، ئاساسلىقى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىناقسىزلىقى بىلەن مۇناسىپ بولمىغان پەيتلەردە قىلىپ قويغان ھەرىكەتلىرى تەسىرىدىن پەيدا بولۇپ قالىدۇ. جەمئىيەتكە كۆپ ئارىلاشقان بالىلاردىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانا بولغۇچىلار بالىلارغا يېشىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ياخشى ھەرىكەتلەر بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ، ئۈلگە بولۇشى كېرەك، مۇناسىپ بولمىغان ئىشلاردىن توسۇش، جەمئىيەتكە كۆپ ئارىلىشىشىنى چەكلەش كېرەك.

4. **ئابدۇسالامجان ئابلەت دەرسكە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان كىتابلارنى بەك زورۇقۇپ ئوقۇمايتتى.** بالىلارنى ھەدېگەندە كىتاب ئوقۇشقا زورلاش زىيانلىق. چۈنكى، بالىلار كىچىك چېغىدىلا كىتابخۇمار بولۇپ قالسا، بولۇپمۇ ھېكايە-رومانغا بېرىلىپ كەتسە، ئاسانلا خىيالپەرەس بولۇپ قالىدۇ-دە، ئەمەلىي ئىش قىلىشقا قىزىقمايدۇ، دەرسنى ئۆزلەشتۈرۈشى تەلەپكە يەتمەيدۇ، قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان، تاپشۇرۇق ئىشلىمەيدىغان، كىچىك ئىشنى ياراتمايدىغان، چوڭ ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

5. ئابدۇسالامجان ئابلەت ئاساسىي پەنلەرنى بىرلىپ ئۆگىنەتتى. ئوقۇتۇشتا بالىلارنىڭ ئاساسىي پەنلەرنى ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتۇش تولىمۇ زۆرۈر. ئەمما، بىزنىڭ بەزى ئاتا-ئانىلىرىمىز، بالام ئۇ ئىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، بۇ ئىشنى قىلسام نەتىجە قازىنىمەن دەيدۇ دەپ، قايسى ئىشقا قىزىقسا، شۇنىڭغا شارائىت هازىرلاپ بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش كىچىك بالىلارغا نىسبەتەن خەتەرلىك. ۋاهالەنكى، بەزى ئاتا-ئانىلار بۇنداق قارىماي بالىلىرىنىڭ ئاساسىي پەنلەردىكى نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، تەنتەربىيە تۈرلىرى ۋە باشقا كەسپىي تۈرلەرگە قىزىقسا شۇنىڭغا قاتناشتۇرىدۇ. بىلىش كېرەككى، بالىلارنىڭ ئىدىيىسى تۇراقسىز كېلىدۇ، خالىغىنىنى قىلىپ بەرسە، ئۇلاردا بىر خىل يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى شەكىللىنىدۇ-دە، بىر كۈن دۇمباقچى بولسا، يەنە بىر كۈن سۇنايچى بولغۇسى، بىر كۈن رولچى بولسا، يەنە بىر كۈن ئۇسسۇلچى بولغۇسى كېلىدۇ. بۇ هال بالىلارنىڭ بىر پۈتۈن، كامىل ئادەم بولۇشىغا ئېغىر نۇقسان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بالىلار مەكتەپكە بارغانلا بولسا، ئالدى بىلەن ئاساسىي پەن دەرسلىرىنى ئۆگىنىشنى بىرىنچى ۋە ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرىدىغان ئىش قىلىپ مەجبۇرىي ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەك، بۇنىڭ هامان نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ.

6. ئابدۇسالامجان ئابلەت يىراققا نەزەر تاشلىغان بالا ئىدى.

مېنىڭچە، بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئاساسىي ئېقىم ئۇستىدە ئىزدىنىش كېرەك. بالىلار كېلەچەكنىڭ ياراتقۇچىلىرى، شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنى نۆۋەتتىكى ئاساسىي ئېقىم بىلەن كېلەچەكتە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان تەرەپكە قاراپ تەربىيىلەش كېرەك، بۇنىڭدا نوقۇل خىزمەت، ئىش ئورنى قوغلىشىپ، ئوقۇش ئۈچۈنلا ئوقۇتۇشقا بولمايدۇ، ئۇلار كېلەچەكتە هەم خىزمەت قىلىپ تۇرمۇشنى قامدايدىغان بولۇشى، هەم جەمئىيەت ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئاساسىي

ئېقىمنى ئەتراپىمىزدىن، جەمئىيەتتىن، دەۋر قايىنىمىدىن ئىزدەش كېرەك.

**7. ئابدۇسالامجان ئابلەت گۈزەل ئارزۇغا ئىگە بالا ئىدى.**

ئادەمدە گۈزەل ئارزۇ بىلەن قەتئىي ئىرادە، گۈزەل قەلب بىلەن يۈكسەك شىجائەت، گۈزەل ئەخلاق بىلەن كۈچلۈك ئەقلىي پاراسەت بولۇشى كېرەك، مانا بۇ بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش ۋە ياخشى ئوقۇتۇشتا تايىنىدىغان ئاساستۇر. ئوقۇغاندا خىزمەتچى ياكى كەشپىياتچى بولۇشنىلا كۆزلەشكە بولمايدۇ، بۇ بەك ئاددىي ھالدىكى تەربىيىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇنۇمىنى بەك ياخشى چاغلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، يىراققا نەزەر سېلىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ھازىرقى زامان كىشىلىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئېقىمىنى نەزەردە تۇتۇپ، يۇقىرى پەللىنى كۆزلەش كېرەك، نوقۇل ھالدىكى قورساق بېقىش، جان ساقلاش تىپىدىكى ئىدىيىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا دەل بىزگە ئېھتىياجلىق. ئادەم ھامان يۇقىرىغا ئىنتىلگۈچى، ئەشۇنداق يۈزەكى قاراشتىكى كىشىلەر نەزەر تاشلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان نىشانلارغا يېتىش ئۈچۈن ئايانماي تىرىشىش كېرەك. بۇ دەل بىز كۈتكەن ۋە بىزنى كۈتكەن ئاساسىي مەنبەدۇر. نەزەرنى كىچىك ئىشقا ئەمەس، چوڭ ئىشقا قارىتىش كېرەك، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز نەزىرىنى كىچىك ئىشقا، قۇدۇق ئىچىدە تۇرۇپ جاھاننى كۆزىتىشكە قارىتىدۇ، ئەمما تەرەققىي قىلغان رايون، ئەللەردە كىشىلەرنىڭ نەزىرى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىدا بولىدۇ، ئادەم شۇ خىل تۇيغۇدا ۋە يۇقىرىغا ئىنتىلىش روھى بىلەن ئۆگىنىش، ئىشلەش يۈكسەكلىكىدە تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ نەزىرى چوڭ ئىشلارنى قىلىشتا،

يۈكسەك ئىشلار پەللىسىگە پەرۋاز قىلىشتا بولغىنى تۈزۈك.

**8. ئابدۇسالامجان ئابلەت ئىرادىلىك بالا ئىدى.** ئادەمدە بىر خىل قەتئىي ئىرادە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ۋىجدانىغا يۈز كېلىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈپ، سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش كۈچىبەرپا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئادەم جاسارەتلىك، پاراسەتلىك كېلىدۇ، ئەمەلىي ئىشى ئارقىلىق نەتىجە يارىتىپ، تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلالايدۇ.

**9. ئابدۇسالامجان ئابلەت نەزەر دائىرىسى كەڭ بالا ئىدى.** بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش تولىمۇ زۆرۈر. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار بۇنىڭغا سەل قارايدۇ. شۇڭا، بالىلارنى پات-پات ساياھەتكە ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا يۈزلەندۈرۈش، تېپىشماق تېپىش ۋە زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتۇرۇش كېرەك.



## ئېچىلسا شاخ ـ شاختا غۇنچە ـ پورەك، تېپچەكلەر سۆيۈنۈشتىن مىڭلاپ يۈرەك

تۇنساگۇل تاش

(قەشقەر شەھەرلىك 3ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)



مەن ئابدۇسالامجان ئابلەتكە ئۈچ يىل سىنىپ مۇدىرى بولغان. راستىنى دېسەم، بۇ ئوقۇغۇچۇم ھەققىدە ماقالە يازىمەن دەپ قولۇمغا قەلەم ئالغاندا بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، قانداق قىلاي؟... مەيلى قانداقلا بولسۇن، قەلبىمدىكىنى دەپ باقاي. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، شۇ بالام ھەققىدە ئۇزاقتىن-ئۇزاق گەپ قىلغۇم، كىملەرگىدۇر ئۇنىڭ پەزىلىتىنى، ئىلىم سۆيەر ۋىجدانى، ھارماس روھىنى ماختاپ بەرگۈم بار! ئۇنى قانچە كۆپ تەرىپلىسەم ھاردۇقۇم چىقىدۇ، يەنە شۇنچىلىك ئىلھاملىنىمەن!...

نېمىشقا دېسىڭىز، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋە ئاتا-ئانىلارنى زار-زار قاقشىتىدىغان، بىزار قىلىدىغان بالىلار ئاز ئەمەس. بۇنداق بالىلار بىزنىڭ ساپ ئەقىدىمىزنى، ئەجرىمىزنى يەرگە ئۇرۇپ، مېھنىتىمىزنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئۆزۈمنى ئالسام، ئاشۇنداق چاغدا، قانچىلىك مەيۈسلىنىدىغانلىقىمنى دېمەيلا قوياي! ئەپسۇسلۇق ئىچىدە باشتا ئازابلىنىمەن، ئارقىدىن غەزەپلىنىمەن، خورلۇق ھېس قىلىپ ئاچچىق يۇتىمەن!... بىلگەن ئادەم

ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ شۇقەدەر قىيىن، مۇشكۇل ئىش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىنى كەپسىز باللار زىيادە ھاردۇرۇۋەتكەندە مۇنبەرگە قايتىدىن ئاياغ باسقۇسى كەلمەيدۇ، ئۆزىنى ئاجايىپ بىچارە سېزىدۇ. بۇنداق ھارغىنلىقنى نېمە چىقىرالايدۇ؟ ئۇنى ھەرقانداق ماددىي كۈچ چىقىرالماسلىقى مۇمكىن. پەقەت كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر ياكى بىرقانچە ئوقۇغۇچىنىڭ ياخشى ئوبرازى، ئېسىل خۇلق-مىجەزى، دەرستىكى ئۇتۇق-نەتىجىسىلا چىقىرىپ تاشلىيالايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلبىنى ئۆرتىگەن ئازابنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئۆگىنىش قىزغىنلىقى، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئۇمىدارلىقى يېنىكلىتىدۇ، ئېرىتىدۇ… پەقەت ئاشۇنداق باللار مېنى ئۆزىگە تارتىپ، ھارغىنلىق، مەيۇسلۇك، ئۇمىدسىزلىكىمنى تۈگىتىدۇ، شەيئىلەرگە ئوبيېكتىپ قاراش، توغرا مۇئامىلىدە بولۇش ئىستىكى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا ھەممە ئوقۇغۇچىلىرىم ئاشۇ باللارغا ئوخشاش سەزگۈر، چېۋەر، ئاڭلىق بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى-ھە؟ دەپ ئويلايمەن، بەلكىم بۇ ھەربىر ئوقۇتقۇچى، ئاتا-ئانىنىڭ ئورتاق ئويى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇ بىر غايە، خىيالىي تەسەۋۋۇر، چۈنكى بەش قول تەڭ ئەمەس، ھەممە باللارنىڭ تەكشى، ئىقتىدارلىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. تەلىم-تەربىيە جەريانىدا بارا-بارا ئەقىل تېپىپ، ياراملىق ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

گەپنى قىسقارتسام، جەمئىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئابدۇسالامجاندەك ياراملىق ئەۋلاد بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئىشەنچىم كامىل. ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئابدۇسالامجانغا ئوخشاش ياراملىق باللارنىڭ يېتىلىشىدە، نۆۋەتتە مۇنداق بىرقانچە ئىشنى چىڭ تۇتۇشنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشى

بىلەن پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك راۋاجلاندى، ئۇچۇر ۋە بازار ئىگىلىكى رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىۋالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، دەۋرگە، كەلگۈسىگە ماسلىشالايدىغان ئىقتىدارلىق قۇرغۇچىلارنى قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسى پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا بولۇپ قالدى.

مېنىڭچە، «جەمئىيەت» كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتىلغان ئۇقۇم. بۇنىڭ دائىرىسىدىكى ھەربىر ئادەم كەلگۈسىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۆزىنى مائارىپتىن ئىبارەت مۇھىم ئىستىھكام ئىچىگە قويۇپ، كىشىلىك قىممىتى، كېلەچىكى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تېپىشنىڭ يولى. ھالبۇكى، كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەربىر ئادەم مائارىپنى تونۇشى، قوللىشى، ياقلىشى ۋە ئۆزىگە تەتبىقلاپ، ھايات ۋە تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭسىز ھاياتنىڭ لەززىتىدىن سۆز ئېچىش بىمەنىلىك. ئۆزىدىن ۋە باشقىلاردىن ھايات لەززىتى، كىشىلىك پاراسەت ۋە پاراغىتى ھەققىدە سوراشنىڭمۇ ئورنى يوق.

دانىيىلىكلەر مۇنداق قارايدۇ: «مائارىپنىڭ ۋەيرانچىلىقى — مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى، مىللەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى — پۇقرالارنىڭ قۇلچىلىقىدۇر...». بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ تەرەققىياتى شۇ دۆلەت ياكى شۇ مىللەت مائارىپ سۈپىتىنىڭ قانداقلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك؛ تۇمەنلىگەن قاراشقۇ دىل پەقەت مائارىپنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ، تەشنالىقى مائارىپنىڭ مېھرى بۇلىقى بىلەن قاندۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، مائارىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مېھىر-مۇھەببەت قويۇشى، كۆيۈنۈشى، كۈچلۈك ئېتىقاد بىلەن سۆيۈشى، قەدىرلەپ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشتەك ئالىيجاناب روھتا پەپىلىشىگە موھتاج. پۈتكۈل جەمئىيەت، مەكتەپ، ئائىلە بىر گەۋدىلەشكەن ھالدا ئۆز رولىنى جارى قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە، مەكتەپ

ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا ئىپادىلەيدىغان تىرىشچانلىقى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئائىلە بالىلارنىڭ بۆشۈكى، مەكتەپ بالىلارنىڭ باغچىسى، جەمئىيەت بالىلارنى تاۋلايدىغان ئوچاق بولۇش سۈپىتى بىلەن رىقابەت ۋە خىرىسقا تولغان جەڭ مەيدانى. بۇنى كەڭ مەنىدىن يەشسەك، ئائىلە بالىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى تۇنجى مەكتەپ بولۇپ، قەلب دۇنياسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچلۇق رولنى ئوينايدۇ؛ مەكتەپ بولسا بالىلارنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن بايلىقلارنى ئېچىشقا ياردەم بېرىپ، دۇنيانى بىلىش، شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە، ئادەملىك تۇيغۇ ۋە قىممەتنىڭ نېمىلىكىنى تونۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلار بىلىش باسقۇچىدىن ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: بالىلارنىڭ ئەخلاق، بىلىم ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ياخشى بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇھىت بەرپا قىلىش بولۇپ، مائارىپنى قوللاش ھەر بىر ئادەمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى.

مائارىپنى قوللاشتا، يالغۇز ماددىي تەرەپكىلا قارىۋالساق بولمايدۇ، مائارىپنىڭ نۆۋەتتىكى تۈپ مەقسىتى كادىر تەربىيىلەش، باشقۇرغۇچى يېتىشتۈرۈش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يۇقىرى ساپالىق بىر تۈركۈم مەدەنىي، ئىلمىي ئاڭ-تۇيغۇغا ئىگە ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن، بالىلارنى مەنىۋى ساپا جەھەتتىنمۇ ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ پەقەت مەكتەپنىڭ تەربىيىسى، ئائىلىنىڭ ئىلھامى، جەمئىيەتنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا، مەكتەپلەر ساپالىق دەرس ئۆتۈش ۋە ئۇنۇملۇك ئۆزلەشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك؛ ئائىلە بالىلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئىلھامچىسى، مەدەتكارى، توغرا يولغا باشلىغۇچىسى بولۇشى، جەمئىيەت ئۇلارغا ياخشى ئوبراز، ساغلام

پائالىيەت مۇھىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. مانا بۇلار بىز سەل قارىساق بولمايدىغان مۇھىم تەرەپ.

ئابدۇسالامجان دەل مۇشۇ خىل ھاسىلاتنىڭ بىر تىپىك مىسالىدۇر. بۇنى تەلىم-تەربىيە جەريانىدا يەكۈنلىگەن ئەمەلىي تەجرىبەم دېيىشكە ھەقلىقمەن. ئاللايلۇق، ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئاكتىپ قوللىشى، ئىلھام بېرىشىدىن بەھرىمەن بولدى؛ ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ دەرسلەرنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشى ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىمىدى؛ جەمئىيەت ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش يولىغا پاياندار سېلىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى! قىسقىسى، ھەممە تەرەپ ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن قوينىنى كەڭ ئاچتى. مەن ئۇنى بىر غۇنچىغا ئوخشىتىمەن. پورەكلەپ ئېچىلسا، ئەتراپقا پۇرىقى تارايدۇ.

مەن ئۇنىڭغا ئۇتۇق مەڭگۇ يار بولسىكەن دەيمەن!

2004-يىل 5-ماي، قەشقەر.



## قوشۇمچە (3)

# قەلب دۇردانىلىرى

**ئابدۇسالامجان ئابلەت**

**ئەسلىي ئاپتورنىڭ ئىلاۋىسى**

*ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! كىتابىمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا، ئوغلۇم ئابدۇسالامجاننىڭ خېتى ۋە بىرقانچە پارچە ماقالىسىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغانىدىم، ياخشى تىلەكنىڭ بەرىكاتىدىن قەلب دەريالىرىنى تاشقىنلىتىپ، كۆڭۈل باغلىرىنى سۇغارغان بىر بۆلۈك مەسلەكداشلار كىتابىنىڭ مەزمۇنىدىن يۈزەكى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئابدۇسالامجاننىڭ خېتى ۋە بىر قىسىم ماقالىلىرىنىمۇ ئاخىرىسىغا قىستۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. شۇ سەۋەبلىك «قەلب دۇردانىلىرى» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا بۇلارنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇم.*

### خۇاڭپۇجياڭ بويىدىن قەشقەرگە سالام

ئاتا، ئانا! ياخشىمۇسىلەر؟ خىزمىتىڭلار ئالدىراشمۇ؟ ئۇكام مەردانجان، ھەزرىتىئۆمەرجان ياخشىمۇسىلەر؟ ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ؟ چوڭ دادام، چوڭ ئاناملار، ئۇرۇق-تۇغقانلار تىنچ-

ئامان تۇرۇۋاتامدۇ؟

مەندىن ئەھۋال سورىساڭلار، ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، گەرچە شاڭخەينىڭ تۇرمۇش رىتىمى نىسبەتەن تېز بولسىمۇ، ئاسانلا ماسلىشىپ كېتەلىدىم، تۇرمۇشتا ئانچە قىينالمىدىم، دەرسلەرنىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، ساۋاقداشلار بىلەنمۇ چىقىشىپ قالدىم.

ئەمما، سىلەردىن ئايرىلىپ ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشىم تۇنجى قېتىم بولغاچقىمىكىن، باشتا سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم! خۇشال-خۇرام يۈرگەن چاغلارنى، ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگىنىمدە، ھارغىنلىقىمنى باسقان، مېنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش روھلۇق، تېتىك قىلغان كەپتەرلىرىمنى، ئۆلۈپ قالغان ئاشۇ ئوماق كېپىكلىرىمنى، بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ تاماق يېگەن كۆڭۈللۈك ئاخشاملارنى سېغىندىم. بۇنداق چاغدا، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا ئازار بېرىپ، ئاچچىق قىلغىنىمنى ئويلىسام، قەلبىم ھېسابسىز بىئاراملىققا چۆمىدۇ!

ئاتا، مەن بۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىكى، دەرس ۋە باشقا جەھەتلەردىكى بېسىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆزۈمنى خۇددى بۇ يەردە ئوقۇشقا مۇناسىپ ئەمەستەك ھېس قىلغاندىم. مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولغان ۋاقىتلىرىمدا، تەتىلدە ساڭا ئاچچىق قىلىپ، ئازار بەرگىنىم ئېسىمگە كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا سېنى مەندىن ئايرىلىشقا قىستاپتىمەن. ئاتا، مېنى كەچۈرگىن! چىن كۆڭلۈڭدىن كەچۈرگىن! ئاتا-ئانا مېھرىنىڭ شۇنداق چوڭقۇر



ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلدىم. ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ ئىشلارغا پۇشايمان قىلدىم. ئەمما، يىغلىمىدىم، چۈنكى ئايرىلىش ئالدىدا «جاسارەتلىك بول، ئوغلۇم، جاسارەتلىك بول! نەگىلا بارغىن، جاسارەتلىك ئادەم بول! » دېگىنىڭ زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇڭا، بۇ خەتتە سېنى «دادا» دەپ چاقىرىشنىڭ ئاددىي بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «ئاتا» دەپ ئاتاشنى ئەڭ مۇناسىپ كۆردۈم.

ئانا! ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك ئانا! ھەر كۈنى يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىمدا، كەچلىك ئۆگىنىشكە چىققانلىرىمدا، سېنىڭ ئىللىق سىيمايىڭ كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ، كەچتە تۈن يېرىمغىچە دەرس ئۆگەنگەنلىرىمدە، يېنىمغا كېلىپ، ئىللىق قوللىرىڭ بىلەن بېشىمنى سىلاپ قوياتتىڭ. ئۆگىنىش بىلەن ئارام ئېلىشنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈشكە ئۈندەيتتىڭ، ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى يوقىلاڭ بىر ئىش توغرۇلۇق ساڭا ئاچچىقلىنىپ، كۆڭلۈڭگە ئازار بەرگەنىدىم، ئەمدى ئويلىسام، ساڭا چىراي پۈرۈشتۈرۈشلا ئەمەس، ھەر كۈنى خىزمەتتىن چارچاپ كەلگەندە پۇتۇڭنى يۇيۇپ، مۈرەڭنى ئۇۋۇلاپ قويغۇم، كېچە-كۈندۈز سەندىن ئايرىلماي ياشىغۇم كېلىۋاتىدۇ! ئانا، مېنى كەچۈرگىن! كېلەر يىلى يازلىق تەتىلدە، يىللارنىڭ ئىزناسىنى، جاپا-مۇشەققەتنى خاتىرىلەش بىلەن تاۋلانغان يىرىك پۇت ئالىقانلىرىڭنى تۇتۇپ، مۈرەڭنى ئۇۋۇلاپ قويىمەن. سېغىنىش ۋە ئارزۇ-ئامانلار بىلەن قاناتلانغان ھېسسىياتىمنى ئىللىق ھارارىتىڭ بىلەن قاندۇرىمەن.

مەردانجان، ھەزرىتىئۆمەرجان ئۇكام، بۇ جايغا كەلگەندىن بېرى سىلەرنىمۇ بەك سېغىندىم، بەلكىم سىلەرمۇ مېنى سېغىنغانسىلەر! تۇرمۇش-ئۆگىنىشىڭلار كۆڭۈللۈك

بولۇۋاتامدۇ؟ مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئاتا-ئانىمىزنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلاڭلار. بايىقى سۆزلىرىمدىن بەلكىم سىلەرمۇ ۋاقىتنى قەدىرلەشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يەتكەنسىلەر؟ كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە، سىلەرمۇ ياخشى ئۆگىنىشنىڭ خاسىيىتى بىلەن باشقا جايلارغا ئوقۇشقا مېڭىپ، گۈزەل شەھەرگە قەدەم باسقان چېغىڭلاردا ئۆزۈڭلاردىن پەخىرلىنىسىلەر!

ئاتىگۇل ئاچا، ئىمام ئاكا، ياخشىمۇسىلەر؟ تۇرمۇشۇڭلار كۆڭۈللۈك، ئىشلىرىڭلار ئۇتۇقلۇق بولۇۋاتاندۇ؟

ئاتىگۇل ئاچا، مەن بۇ يەرگە كېلىپ تۇنجى قېتىم بىر ئىشتان يۇيۇشقا 10 مىنۇت سەرپ قىلدىم. بۇ ئېيتماققا ناھايىتى ئاز ۋاقىت، ئەمما تۇرمۇش رىتىمى تېز شاڭخەي شەھىرىگە نىسبەتەن سەل قارىغىلى بولمايدۇ. مانا ئەمدى ھېس قىلدىمكى، سېنىڭ خىزمىتىڭمۇ خېلى جاپالىق ئىكەن، ئەمما كىر يۇيۇش ماڭا نىسبەتەن بەك جاپالىق تۇيۇلمىدى، چۈنكى مەن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ماسلىشىپ قالدىم.

ئىمام ئاكا، سەن ھازىر ئائىلىمىزدە مېنىڭ ئورنۇمنى ئالدىڭ، شۇڭا ئۆيىنىڭ ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىغا ئوبدان ياردەملىشىشىڭنى، مەردانجان، ھەزرىتىئۆمەرجان ئۇكاملارنى مېنىڭ ئورنۇمدا يېتەكلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن! ئۆگىنىشتە تېخىمۇ ئالغا بېسىشىڭنى تىلەيمەن!

ھەممىڭلار مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتىكى بىرنەچچە كۈنلۈك ماسلىشالماسلىق ۋە سېغىنىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا جەھەتلەردە قىينالمىدىم. ھازىر پۈتۈنلەي كۆنۈپ كەتتىم.

مەكتىپىمىز شاڭخەي شەھىرى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قويىدىغان تەلىپى بەك يۇقىرى، شارائىتى ئىنتايىن ياخشى، مەكتەپتىن چىقمايلا پۈتۈن دۇنيانى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك تۈمەن ھادىسىلەرنىڭ ھەتتا دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇش، يوقىلىش جەريانىنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ مۇنداقچە ئېيتسام قەشقەرنىڭ كوزا-خۇمىرىسىدىن تارتىپ، خوتەننىڭ قاشتېشى، قەغەزچىلىكىگىچە، كىچىك دېڭىز-ئوكيان جانلىقلىرىدىن قەدىمكى زاماندىكى نەسلى قۇرۇغان دىنوزاۋۇر، بېلىجانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرىگىچە تەجرىبىخانىدىن تېپىلىدۇ. ئۆمرۈمدە كۆرۈشكە قىزىققان ئاشۇ نەرسىلەرنى، ھاياتلىقنىڭ سىرلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قولۇم بىلەن تۇتۇپ، ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىم، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقىم، قىسقا ھاياتنى قەدىرلەش، ئىلىم-پەن ئىگىلەشكە بولغان قەتئىيلىكىم شۇنچىلىك ئاشتى.

بىزدىن بۇرۇن كەلگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپ ھەر ئايدا بىر قېتىم تەشكىللەپ، ئېكسكۇرسىيە، ساياھەتكە ئېلىپ چىقىدىكەن، بۇ تۈزۈمنى بىزگىمۇ قوللاندى. ئارىلىقتا بىر قېتىم نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىشقا تاللا بازىرىغا ئېلىپ چىقتى. ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا ياخشى تارتىلغان سۈرەتلەرنى ۋە ئوقۇغۇچىلار يازغان بىرقەدەر ياخشى ماقالىلەرنى مەكتەپنىڭ ئىنتېرنېت تورىدا ئېلان قىلىدۇ. مەن بۇ قېتىم ئالدىنقى قېتىم شەھەر مەنزىرىسى ئېكسكۇرسىيىسىگە چىققاندا چۈشكەن بىر قىسىم سۈرەتلىرىمنى تاللاپ سىلەرگە ئەۋەتتىم.

ئاتا-ئانا، ئۆزۈڭلارنى بەكرەك ئاسراڭلار، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار! ھەممىڭلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىشلىرىڭلارغا ئۇتۇق تىلەيمەن! ئاخىرىدا چوڭ دادام، چوڭ ئانام، ئەكبەرجان ئاكام، دىلدارقىز ئاچاملارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك، ئوقۇش-ئۆگىنىشىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

شەھەي چىباغ ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا 1-يىللىق 1-سىنىپتىن: ئابدۇسالامجان ئابلەت.

2003-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى

## قىزىقىش ۋە رېئاللىق

مەن ماتېماتىكىغا بەكرەك قىزىقاتتىم، تېخىمۇ مۇھىمى ھەر خىل شەكىل، چېرتيوژلارنى ئاساس قىلغان گېئومېترىيىلىك شەكىللەرگە قىزىقاتتىم. مۇنداقچە ئېيتسام، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شەكىللەرگە بولغان سەزگۈرلۈكۈم كۈچلۈك ئىدى. بۇ خىل ئالاھىدىلىكىم ئاتا-ئانامنىڭ تەبىئىي پەنگە قىزىقتۇرۇش ئارزۇسىغا بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلەتتى، شۇڭا ئۇلار باشقا ئىنىلىرىمگە قارىغاندا، مەندىن بەكرەك رازى ئىدى. ئوتتۇرانچى ئىنىم مەردانجان ئاتا-ئانامنىڭ كۆتكەن يېرىدىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. ئۇ ئاتا-ئانام ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان پۇتبول ئويناشقا قىزىقاتتى (بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئىنىمگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزىمۇ تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرىدىن ئىدى)، شۇڭا ئۇنى كۆپ قېتىم توستى، ئەمما ئۇ ئاتا-ئانام كۆتكەن ئاساسىي پەن دەرسلىرىگە يەنىلا چۆكۈپ كېتەلمىدى. كەنجى ئىنىم ھەزرىتىئۆمەر بولسا، ئەركە بولۇشىغا قارىماي، ھېچقانداق بىر ئىش بىلەن، بولۇپمۇ زۆرۈر بولغان ئىشلار بىلەن

شۇغۇللىنىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى، ئۇ تۈرلۈك ئۇششاق-چۇششەك ئويۇن-تاماشىلارغا قىزىقاتتى. ئويۇن بولسا، قورسىقى ئاچقىنىنى سەزمەيتتى، دەرس ئۆگىنىش، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە زورلىسا، ناھايىتى مەجبۇري ھالدا قولىغا دەپتەر-قەلەم ئېلىپ، كىتابلاردىكى رەسىم-شەكىللەرنى سىزاتتى. بىرەر رەسىمنى مۇستەقىل سىزىپ، شەكلىنى كەلتۈرەلمەيتتى، بولۇپمۇ ئاي، كۈن، يەر شارى، يەنە گلوبۇس قاتارلىقلارنى تەقلىدى سىزىشقا ئامراق ھەم ئۇستا ئىدى. ئۇ سىزغان گلوبۇسلارنى تام-تاملاردىن، كىتاب-دەپتەرلەرنىڭ بەتلىرىدىن ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئاتا-ئانام ئۇنىڭ بىكاردىن-بىكار ئويناپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغىنىدىن مۇشۇنداق نەرسىلەرنى سىزغىنى ياخشى، دەپ قاراپ، قانائەت ھاسىل قىلاتتى، بەزى قىلىقلىرى، گاھىدا تېخى، ئاتا-ئانامنىڭ ئۇنى پەپىلەشلىرى بىزنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى، بىراق...

ئاتا-ئانىمىز بىزنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك بۇرچى دەپ قاراپ، كۆڭۈللىرىگە يۈكسەك ئارمانلارنى پۈككەنىدى. ئولتۇرسا-قوپسا بىز ئۈچىمىزنى تەبىئىي پەن ساھەسىدە نەتىجە قازانسا دەپ ئويلايتتى ھەم شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنەتتى، ھەتتا كەلگۈسىدە مېنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا ساھەسىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى. ئوتتۇرانچى ئىنىمنى خىمىيە ساھەسىدە، كەنجى ئىنىمنى بولسا تېببىي پەن ساھەسىدە نوبېل مۇكاپاتى ئالغۇدەك نەتىجە قازانسا دەيتتى. ئەپسۇسكى، ھازىرقى ئەھۋالىمىز ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئۈمىدىدىن يىراقتا ئىدى...

ئارزۇ بىلەن قىزىقىش ئائىلىمىزدە ناھايىتى مۇرەككەپ زىددىيەتكە ئايلانغانىدى. بۇ خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ھەممىمىزگە

ئىچ پۇشۇقى پەيدا قىلماي قالمايتتى.

سىنتەبىرنىڭ ھاۋا سالقىن بولغان بىر كۈنى كەچتە، ئائىلىمىز بويىچە سەيلە قىلىپ خەلق مەيدانىغا باردۇق. مەيداننىڭ سەھنىسى ۋە ئەتراپى رەڭگارەڭ گۈل-چېچەككە پۈركەنگەنىدى. گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. «شەھىرىمىز سىزنى قارشى ئالىدۇ»، «خۇش كېلىپسىزلەر!»، «شەھىرىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز!» دېگەندەك خەتلەر گۈل تەشتەكلىرى ئارقىلىق «يېزىلغان» بولۇپ، ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. بىز بۇ ئېسىل مەنزىرىلەرنى كۆرگەچ، رەئىس سەھنىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر پارچە گۈللۈك ئالدىغا كەلگەندە، دادام گۈللۈكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا گۈللەر بىلەن چىقىرىلغان بىر شەكىلنى كۆرسىتىپ، كەنجى ئىنىمدىن سورىدى:

— ئاۋۇ نېمىنىڭ شەكلى؟

كەنجى ئىنىم دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپلا قېلىپ كېيىن ئېيتتى:

— بىلمەيمەن، سەن ئېيتىپ بەر!

دادام كەنجى ئىنىمنىڭ ئەركىلىشىنى ياقتۇرمىدى:

— مەن سەندىن سوراۋاتىمەن، نېمىدەپ بولمىسۇن جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك!

— گلوبۇس!

— سېنىڭ سەيياھ بولغۇڭ بارمۇ نېمە؟

— ھەئە... ياق... مەن...

دادام ئارتۇقچە گەپ قىلماي، ئوتتۇرانچى ئىنىمگە بۇرۇلۇپ سورىدى:

— سېنىڭچە بۇ نېمە؟

— مېنىڭچە... بۇ ... پۇتبولمىكىن دەيمەن!
— سېنىڭ پۇتبول چولپىنى بولغۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟
— هەئە! مېنىڭغۇ مارادۇنادىن ئېشىپ كەتكۇم بار، بىراق... هازىر ئەمەس...
دادام ئۇنىڭغىمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلماي ماڭا بۇرۇلدى:
— سېنىڭچە بۇ زادى نېمە؟
مەنمۇ ئېنىق ئۇقۇمغا ئىگە بولۇش ئۇچۇن تەپەككۇر يۇرگۇزۇۋاتقىنىم بىلەن، كۆڭلۇمدە بىر قارارغا كېلىپ بولالمىغانىدىم.
— مېنىڭچە، بۇ مەلۇم بىر ئىشقا تەقلىد قىلىنغان شەكىلدەك قىلىدۇ. مەسىلەن، دۆلەت بايرىقىدەك... لېكىن، بۇ ئىشقا ئائىت ئۇچۇرنى بىلمەيمەن!
— قارىغاندا سېنىڭ سىياسىئون بولغۇڭ بار ئىكەن-دە؟!
مەن ئىنكاس قايتۇرغۇچە ئوتتۇرانچى ئىنىم ئېيتتى:
— ئاكام رەئىس ياكى زۇڭتۇڭ بولسا ۋەياكى ماتېماتىكا ئالىمى بولسا ياخشى بولاتتى.
— ئاكاڭلارنىڭ جاۋابى سەل يېقىنلاشتى، — دېدى دادام، — هەممىڭلار قايتا جاۋاب بېرىڭلار!
ئۇچىمىز شەكىلگە ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقىپ، يەنە ئەسلىي گېپىمىزنى تەكرارلىدۇق ياكى بىرنەچچە خىل پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. دادام بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، رەئىس سەهنىسى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك پلاكاتلارغا سىزىلغان رەسىمنى كۆرسىتىپ:
— سىنچىلاپ قاراڭلار، ئاشۇ شەكىلگە ئوخشىمامدىكەن؟ — دېدى.

ھېلىقى كىچىك پلاكاتلاردىكى رەسىمنىڭشەكلى SIC بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى گۈل تەشتەكلىرى بىلەن چىقىرىلغان شەكىل بىلەن ئوخشاش ئىدى، سىنچىلاپ قارىسام، قەشقەر شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تەبرىكىگە تەييارلانغان مەرىكە گېربى ئىكەن، مەن جاۋابىمدا سەل يېقىنلاشتۇرغان بولساممۇ، خىجىل بولدۇم، دادامغا بۇ ھەقتىكى ئۇچۇردىن خەۋىرىم يوق دەۋالغان بولساممۇ، ئۆزۈمنى بىرقەدەر ئەپسىز ھېس قىلدىم. نېمىلا دەي بۇ ئىشتا بىر ياخشى ساۋاقفا ئىگە بولدۇم. بۇ ساۋاق مۇنۇلارنى بىلىشىمگە تۈرتكە بولدى:

قىزىقىش، ھېسسىيات بىر خىل خىيالپەرەسلىكنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشقا مەجبۇر قىلىدىكەن.

قىزىقىش بىلەن رېئاللىق بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ئوخشاش بولمىغان نەتىجىسى ئادەمنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىدىكەن. رېئاللىقتىكى شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكىگە، ھەر خىللىقىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ شۇ شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىمۇ ھەرخىل بولىدىكەن، ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، ئىزدىنىش روھىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا ئاساسەن، كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىمۇ ئوخشاش بولمايدىكەن. شەيئىلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ھەر تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكى ئورتاق بولغان بىرخىل رېئاللىقنى شەكىللەندۇرىدىكەن.

ئادەم ۋە نەرسىلەرگە ھۆكۈم قىلغاندا، تاشقى كۆرۈنۈشى، شەكلىگە ئەمەس، شۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئىچكى-تاشقى ماھىيىتىگە قاراش زۆرۈر ئىكەن. شەكىل ماھىيەتنىڭ بىرلا تەرىپى بولۇپ، ماھىيەت كۆپىنچە يوشۇرۇن بولىدىكەن. شۇڭا، نەرسىلەرگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ ھەممە تەرەپتىكى ئالاھىدىلىك ئۇچۇرىنى بىلىش، چۈشىنىش، تەتقىق قىلىپ ئاشكارىلاش ئاساسىي ئىش قىلىنىشى كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۈچىمىزنىڭ ئۈچ خىل قىزىقىشىمىز رېئاللىقتىكى ئۈچ خىل نەرسىگە ماس كېلىدۇ. توخۇمۇ بىلگىنى بويىچە چىللايدۇ دەپ، بىزمۇ قىزىقىشىمىزدا نېمە بولسا، كۆزىمىزگە شۇ كۆرۈنگىنى ئۈچۈن بايىقىدەك جاۋاب بەردۇق، كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى، تىل دىلنىڭ ئىزھارى! بۇ يەردىكى مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان نەرسە رېئاللىقتىكى شەكىلنىڭ كۆڭۈلدىكى قىزىقىشقا باب كېلىپ قېلىشى ئىدى. بۇ ھاياتنىڭ بىز بالىلارغا بېرىدىغان سوۋغىسىمۇ ياكى سىگنالىمۇ؟... رېئاللىقتىكى مانا مۇشۇنداق قىزىقىشنىڭ نەتىجىسى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېپىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەمدۇ-قانداق؟ مېنىڭچە، رېئاللىقتىكى ھەرقانداق قىزىقىشنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە ئۆز ئورنىنى تېپىپ بېرىشى ناتايىن. ھەممە نەرسىمۇ ئۇنداق ئەھمىيەتلىك، نەتىجىلىك بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئاتا-ئانىلارمۇ ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى بالىلارغا تاڭماسلىقى كېرەك! ئۇلار بالىلارنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتىشى، ئۇنى ئۆز يولىدا داۋاملاشتۇرۇشى، بالىلارمۇ رېئاللىقنىڭ تەبىئىي سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

2003-يىل 4-فېۋرال، يوپۇرغا ئاخۇنلۇقوم.

## ئېينشتېين ۋە «نېمە ئۈچۈن»

مەلۇم بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى، دادام مېنى ۋە ئىككى ئۇكامنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان شىنخۇا كىتابخانىسىغا ئېلىپ باردى.

— بالىلىرىم، مەن سىلەرنى بۇ يىللىق بالىلار بايرىمىدا ساياھەتكە ئاپىرالمايمەن، ئۇنىڭ بەدىلىگە كىتاب ئېلىپ بېرىمەن، شۇڭا خالىغان كىتابلارنى تاللاپ سېتىۋالساڭلار

بولىدۇ، ــ دېدى دادام كىتابخانىغا كېلىشىمىزدىكى مەقسىتىنى بايان قىلىپ.

مەن بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولدۇم ۋە قىزىقىشىم بويىچە «تەبىئىي پەن كىتابلىرى» دېگەن خەت يېزىلغان كىتاب جازىسىنىڭ يېنىغا باردىم. بۇ يەردىكى كىتابلارنى بىرمۇبىر كۆردۇم، كىتابلار بىر-بىرىدىن جەلپكار ئىدى... ئۆزۈمچە، كىتابلارنىڭ ھەممە تورىدىن ئالغۇم كەلدى، شۇنداقتىمۇ «ئېينىشتېين» دېگەن كىتاب مېنى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىگە رام قىلىۋالدى-دە، دادامنى چاقىرىپ ئۇنى ئېلىپ بېرىشنى ئېيتتىم. دادام: «ھەقىقەتەن ياخشى كىتابنى تاللاپسەن، ياراپسەن!» دېدى. مەن كىتابنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتىم، بىر خىل خۇشاللىق ۋۇجۇدۇمنى ئورىۋالدى.

بۇ كىتابنى ھەر كۈنى بوش ۋاقىت تاپسىلا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. ئوقۇغانسېرى مەزمۇنىغا چوڭقۇرلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ تەسىرىدە مەندە بىر خىل يۈكسەك غايە، ئىرادە ۋە ئەقىدە يېتىلىۋاتقاندەك قىلاتتى...

ئېينىشتېين 1879-يىل 3-ئاينىڭ 14-كۈنى گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلما دەپ ئاتالغان كىچىككىنە بىر شەھەردە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، پۈتكۈل ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم-پېنى ئۈچۈن بېغىشلاپ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئۇ فىزىكىنى قىزغىن سۆيۈپ، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى فىزىكا نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ ئەتكەن. ئۇنىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدىكى نەتىجىسى فىزىكىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچقان. شۇڭا ئۇ، 20-ئەسىرنىڭ كوپېرنىكى، نيۇتونى دەپ نام ئالغان. ئۇ ئىلغار دۇنيا قاراش، يۈكسەك ئېتىقاد، قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈچلۈك ھەققانىيەت

تۇيغۇسى ۋە ئىستىبداتنى نامايان قىلغان، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن بارلىق ئەقىل-پاراستىنى ئاتىغاندى.

ئېينىشتىين كىچىكىدىن تارتىپلا ئاتا-ئانىسىغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ئۇلار چالغان مۇزىكىلارنى ئاڭلايتتى. ئەمما، 4-5ياشقا كىرگۈچە گەپ قىلىشنى بىلمەيتتى، بەش ياشقا كىرگەندە تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى، دادىسى ئۇنىڭغا ئويناش ئۈچۈن بىر دانە كومپاس ئېلىپ بەردى. مانا بۇ كومپاس ئۇنىڭ زېھنىنى ئويغاتتى. كومپاس ئۇنى ئىنتايىن خۇشال قىلىپ سۆيۈندۈرۈۋەتتى. لېكىن، كومپاسنىڭ ئىستىرېلكىسىنىڭ داۋاملىق شىمالنىلا كۆرسىتىپ تۇرۇشى قاتتىق ھەيرانلىققا چۆمدۈردى. ئۇ كومپاسنى بۇراپ باققان بولسىمۇ، ئىستىرېلكا ئايلىنىپ كېلىپ يەنە شىمالنى كۆرسەتتى. تەكرار ھەپىلەشسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا: «قانداق بىر كۈچ ئىستىرېلكىنى شىمالغا قارىتىپ تۇرىدىغاندۇ!» دەپ ئويلاپ، تاغىسىدىن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىماقچى بولدى، لېكىن گېپىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. ئەمەلىيەتتە



كىچىككىنە كومپاستىكى بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە ھەركەت

قىلىپ تۇرىدىغان ماگنىت ئىستىرېلكىسى ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى. مانا بۇ بولغۇسى ئالىمنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىدىكى تۇنجى پەلەمپەيگە ئايلاندى. بۇ خىل مۇقەددەس قىزىقىش دەل ئۇنىڭدىكى ئىلىم-پەننىڭ بىخى ئىدى.

نامراتلىق ئادەمنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرەلىسىمۇ، ئىرادىلىك ئادەمنى ھەرگىز ئارقىغا چېكىندۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئېينىشتېيىن ئەتراپلىق بىلىم ئېلىش، ئوقۇش پۇرسىتى بولمىغىنىغا قارىماي، فىزىكا ئۆگىنىشنى قەتئىي بوشاشتۇرۇپ قويماي داۋاملاشتۇرۇپ، ئالەمنىڭ سىرلىرى ھەققىدە ئىزدەندى. باشقا پەنلەردىكى نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، فىزىكىدا دائىم بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەيتتى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن «سىز نېمە ئۈچۈن فىزىكىنىلا ئۆگەنمەكچى بولىسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ ئىككىلەنمەستىن: «مەن تەبىئىي پەنگە قىزىقىمەن، تەبىئىي پەن ئىچىدىكى فىزىكىغا تېخىمۇ قىزىقىمەن. ماتېماتىكىنىڭ تارماقلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن، بىرەر تارمىقىنى ئۆگىنىپ بىر باشقا ئېلىپ چىققۇچە ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرى تۈگەيدىكەن. فىزىكا بولسا چۈشىنىشلىك، پەقەت ئۇنىڭغا چوڭقۇرلاپ كۆڭۈل قويسىلا نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ،» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ 16 يېشىدا «ماگنىت مەيدانىدىكى ئېفىر ھەققىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باستى، ئاندىن ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق، ئاخىر نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ تۆھپىسى ئارقىلىق بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى ئىچىدىكى كەم ياكى توغرا بولمىغان جايلارنى تۈزىتىپ، دۇنيا خەلقى ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل

كەشپىياتلىرىنى تىزىدىغان بولساق، بەش قېتىم نوبېل مۇكاپاتى ئېلىشقا يېتەتتى.

بۈيۈك ئالىم ئېينىشتېيىن دۇنيانىڭ سىرلىرىنى ئېچىش يولىدا ئەنە شۇنداق تىرىشىپ، 1955-يىل 4-ئاينىڭ 18-كۈنى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، پارلاق نەتىجىلىرى بىلەن ئىنسانىيەت قەلبىدە مەڭگۈ، مەڭگۈ ياشايدۇ.

مەن ئېينىشتېيىن ھەققىدىكى بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۆزۈمگە مەنىۋى ئابىدە تىكلىدىم، ئۇنىڭ خەۋپ-خەتەرگە پىسەنت قىلماسلىق، ئېگىلمەي-سۇنماي ھەقىقەتنى ئىزدەشكە جۈرئەت قىلىشتەك جەسۇر روھى، ئېسىل پەزىلەت-خىسلىتى مېنى ئۈلگە ئېلىشقا ئىلھاملاندۇردى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەربىر ئىشقا يولۇققاندا: «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، ماھىيىتىنى تاپمىغۇچە بولدى قىلماسلىقتەك ئەستايىدىللىقى مېنىڭ ئۆزلۈكسىز بىلىم ئېلىش، ئالغا بېسىش يولۇمدىكى توسالغۇلارنى يىمىرىشىمگە ياردەم بېرىدىغان ئەڭگۈشتەرىم بولۇپ قالدى. كەلگۈسىدە بىزدەك ئەۋلادلار ئارىسىدىنمۇ ئىنسانىيەتنى سۆيىدىغان ئېينىشتېيىنلار تۇركۈملەپ چىقىپ، مىللىتىمىز ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم-پەن ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە؟!!

مەن بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېيىننىڭ پارلاق كەشپىيات نەتىجىلىرىدىن ئىلىم-پەننىڭ قۇدرىتىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى، ئىلىم-پەننى يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشىم ۋە ئىگىلىشىمنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

2002-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنى، قەشقەر.

## پەرزەنتلىرىمىز خارلانمىسۇن!

بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرى بىزگە پۇرسەت بىلەن خىرىسنى تەڭ ئېلىپ كەلدى. بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشىمىز، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىمىزنى تونۇپ، شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز، دەۋرنىڭ كۆتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىشىمىز كېرەك. بىراق، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قاينىمىدا ئىدىيىمىز، قىممەت قارىشىمىز، ئەنئەنىمىز ۋە ھەتتاكى ئەخلاقىمىزدىن ھالقىغان «تەرەققىياتلار» مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجدىن بەزى ئىلغار ئەنئەنە، مەدەنىيەت، ئەخلاق-دىيانىتىمىز خارابلىشىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئايرىم پاسسىپ ئىدىيە، پاسسىپ ئىللەتلەر چوڭلار ئارىسىدىن ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىغا يامراپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ھال ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز تەسىرلەرنى بېرىۋاتىدۇ، ساغلام مىللىي ئەنئەنە ۋە ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ ئورنىنى باشقا مىللەتلەر ياكى دۆلەتلەرنىڭ بىزگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان نەرسىلىرى ئىگىلەپ كېتىۋاتىدۇ.

مەن يازلىق تەتىل تاپشۇرۇقلىرىمنى بالدۇرلا ئىشلەپ تۈگىتىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تەڭرىتاغ غۇنچىلىرى» سەنئەت پروگراممىسىنى بىرنەچچە قېتىم كۆرۈپ زوقلانغان بولسام، لېكىن ئايرىم نەرسىلەر كۆڭلۈمنى بەكلا غەش قىلدى، شۇ فىلىملەرنىڭ بىرسىدە ئۈرۈمچى سۇ ئۈستى باغچىسى قاتارلىق جايلاردا بالىلار ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، كۆرۈنۈشلەرگە كىرىشتۈرۈلگەن مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەللەرنىڭ مۇزىكىلىرىدۇر. بۇنىڭغا

دىققەت قىلغان ئادەم ئېكراندا چەت ئەللىكنىڭ تۇرمۇشى نامايان بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ. پائالىيەتتە بىر قىزچاق «ئۆزبېك قىزى» دېگەن ناخشىغا ئۆزبېكچە ئۇسسۇل ئوينىدى. قارىسام 40 نەچچە مىنۇت داۋاملاشقان شۇ پائالىيەتكە بىرمۇ ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل، مۇزىكا كىرىشتۈرۈلمەپتۇ، ئەجەبا، ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىۋاتقىنى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئورۇندىلىۋاتقىنى...

كاللامدا دەرھال بىزنىڭ مۇشۇ خىل پائالىيەتلەرگە كىرىشتۈرگۈدەك ناخشا-مۇزىكىمىز يوقمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلدى. نېمىشقا بىزنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلىمىز ئورنىغا باشقىلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى كىرىشتۈرۈلدى؟ بۇنداق قىلمىلەرگە بالىلار قانداق قارايدۇ؟ بۇ ھەقتە كۆپ تەگەپ چوڭقۇرلاشنىڭ ئورنى يوق. چۈنكى بالىلار يۇمران نوتىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ شۇنداق ئېسىل مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىسىمۇ تولۇق چۈشەنمەيدۇ، چوڭلار نېمىنى ئۆگەتسە، شۇنى ئۆگىنىپ قوبۇل قىلىدۇ، ئېكراندا بېرىلگەن مۇزىكا، ناخشىلارنى كۆرگەن ھامان ئۆز سەنئىتىمىز دەپ قاراپ، شۇ بويىچە قوبۇل قىلىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

بىز نېمىشقا باشقىلارنىڭ سەنئەت ۋە ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا شۇنچىلىك خۇشتار؟ مەن بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب تاپالماي كېلىۋاتاتتىم، كېيىن ئويلىمىغان يەردىن ئوقۇتقۇچۇم: قاششاق، نادان مىللەت دوراشقا، خۇشامەتكە ئامراق كېلىدۇ، دېدى. ئەمما، ئۇيغۇر مىللىتىنى نادان مىللەت دېيىشكە بولارمۇ؟ مەن چوڭقۇر ئويلىنىش نەتىجىسىدە، زامانغا سىلىشتۇرغاندا نادان مىللەتلەر قاتارىغا كىرىپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ قالدىم.

قارىسام، نۇرغۇن نەرسىلەرنى قارىسىغىلا قوبۇل قىلىۋېتىپتىمىز، بۇ يەردە يەنە يۇقىرىدا تىلغا ئالغان فىلىمنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. فىلىمگە باشقىلارنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىمىزنى كىرگۈزسەك، تەسىرچانلىقى تېخىمۇ ئاشماسمىدى؟ مەن بۇ يەردە هاجى قۇتلۇق قادىرىنىڭ «بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا»[1] دېگەن كىتابىنىڭ «دۆڭكۆۋرۈكتىكى پاراڭلار» بۆلىكىدىكى «رېستوراندا ئىچىلىۋاتقان هاراقلىرىمىز ۋە يېتىم قالغان چاۋاكلىرىمىز» دىن ستاتا ئېلىپ، پىكرىمنى مۇئەييەنلەشتۇرمەكچىمەن: «ئۆتكەن يىلى يازدا ئەدەبىيات ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى كەسىپداشلاردىن بىرقانچىمىز شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن هازىرقى زامان ئەنگلىيە باللار يازغۇچىسى جۇليا خانىم بىلەن ئېرى سېتىۋېن ئەپەندىنى ئۈرۈمچى ‹×رېستورانى› غا كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدۇق.»

«...جۇليا خانىم ۋە سېتىۋېن ئەپەندىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى سەمىمىي تەبرىكلەنگەن قەدەھ سۆزىدىن كېيىن هاراق ئىچىش باشلاندى، 10 مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن، سازەندىلەر ئۇيغۇر خەلق ناخشا-سازلىرى، ‹12 مۇقام› دىن پارچىلارنى ئورۇنداشقا باشلىۋىدى، ‹چەبىيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى› گە كەلگەندە جۇليا خانىم هاياجىنىنى باسالماي:

— بۇنى مەن 1987-يىلى سىلەرنىڭ مۇقامچىلىرىڭلار لوندوندا ئورۇندىغاندا ئاڭلىغاندىم، نېمىدېگەن ئېزگۇ، دىلبەر مۇزىكا بۇ، ياشىسۇن شەرق سەنئىتىنىڭ گۆھىرى مۇقام! — دەپ ئالدىدىكى قەدەھنى كۆتۈرۈۋەتتى.»

«... ئاندىن مۇقامچى يىگىت بىلەن ئۇسسۇلچى قىزغا گۈل

---

① شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل نەشرى.

تۇتۇپ، ئۇلارنى تەبرىكلىدى، بۇ چاغدا، رېستوراندا بىزدىن باشقا يىگىرمە نەچچە شىرەدىن ئاربلاپ «پاق-پۇق» قىلغان كۈچسىز چاۋاك ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندەك قىلدىيۇ، شاۋقۇنلۇق ۋاراڭ-چۇرۇڭلار ئۇنى بېسىپ كەتتى».

«جۇليا خانىم ئورنىغا قايتىپ كېلىپ:

— ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى كۆرسەملا دۇنخۇاڭ، كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى پەرىلەرنىڭ تام سۇرەتلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئۆزۈمنى خۇددى بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى بىلەن بىر سورۇندا بولغاندەكلا ھېس قىلىمەن. مانا بىزگە ماھارەت كۆرسەتكەن بۇ مۇقامچى — ئۇسسۇلچىلار ئاشۇ بۈيۈك سەنئەتنىڭ تىرىك شاھىتلىرى ئەمەسمۇ؟ رېستوراندا مېھمان بولۇپ ئولتۇرغان بۇ ئۇيغۇرلار مۇشۇنداق قەدىمىي، كاتتا سەنئەتنىڭ پەخىرلىك ئىگىلىرى تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇلارغا تۇزۇك چاۋاك چالمايدۇ؟ گۈل تۇتۇپ ئالقىشلىمايدۇ؟ ئۆز سەنئەتكارلىرىدىن پەخىرلەنمىگەن، ئۇلارغا گۈل تۇتالمىغان ئادەم قانداقمۇ ۋەتىنىگە گۈل تۇتالىسۇن؟! — دەپ قايناپ كېتىۋىدى، سىتىۋىن ئەپەندى:

— بۇ ئادەملەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا شوئارنى تولا توۋلاپ، چاۋاكنى تولا چېلىپ، بەلكىم ھازىر ھېرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى...» .

كېيىن جۇليا خانىم ئاچچىق ھاراقتىن بىر رومكا ئىچكەن، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«تەقدىرنىڭ ئاچچىق قىسمىتىنى تاللىغان ئادەم ھاراقنىڭمۇ ئاچچىقىنى ئىچىدىغان ئوخشايدۇ، ياۋروپادا ئەڭ مەشھۇر ھاراق «ناپولېئون!» بەلكى دۇنيادىمۇ شۇنداق، بىز نېمە ئۈچۈن ناپولېئوندەك بۈيۈك قەھرىماننى ياۋروپادىكى ئەڭ داڭلىق

هاراقنىڭ ماركىسى قىلدۇق؟ مېنىڭچە، بۇ خاھىش سەن هاراق ئىچكەندە ياكى ئىچمىگەندە بولسۇن، مەڭگۇ ناپولېئوندەك قەھرىمان بولۇشۇڭ كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، سىلەر ئاچچىق هارىقىڭلارغا ئۇسسۇلچىلارنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرۈپسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ بىز دېگەن هاراق ئىچىمىز، ئۇسسۇل ئوينايمىز، جاھاننىڭ ئىشلىرى بىلەن كارىمىز يوق دېگەنلىكىڭلارمۇ؟ ناخشا-ئۇسسۇلغا ئامراقمىكىن دېسە، سەنئەتكارلىرىڭلارغا تۇتقان پوزىتسىيەڭلار هېلىقىدەك»...

شۇ ئارىدا 8-شىرەدىكى بىر ئەپەندىنىڭ ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى بولغان، بۇ چاغدا، ئىنگلىزچە تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى ئوقۇلغان ۋە گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇ چاغدا جۇليا خانىم مۇنداق دېگەن:

«— ئاھ، خۇدا، دۇنيادا ئەجەبمۇ غەلىتە بەندىلىرىڭ بار ئىكەن، تىلى ئۇيغۇرچە، ئىسمى ئەرەبچە، تۇغۇلغان كۈنگە ئاتاپ ئېيتىدىغان ناخشىسى ئىنگلىزچە. ئاھ، نېمىدېگەن بىمەنىلىك بۇ؟!...

— ئەپەندىلەر، تورتقا شام يېقىش، پۈۋلەش، ئۆچۈرۈش، ئاخىرىدا تورتنى پارچىلاپ كېسىش خرىستىيانلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، سىلەر دېگەن مۇسۇلمان. شۇڭا، هەرقانداق مۇراسىمىڭلار ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتىڭلار ۋە جەمئىيەتلەشكەن قائىدە-يوسۇنۇڭلار بويىچە بولغىنى تۈزۈك. ئۆزۈڭلارنىڭ بىلىپ-بىلمەي دورامچىلىق بىلەن سىڭدۈرۈۋالغان شالغۇت ئادەتلىرىڭلار ئادەمنى تەئەججۇپلەندۈرىدىكەن، سىلەردەك تارىختا نامى بار قەدىمىي مىللەت ئەمدىلىكتە ئاتا-بوۋاڭلاردىن كېلىۋاتقان يوسۇن-ئادەتلىرىڭلارنى تېپىۋالمىساڭلار بولمايدىغان يەرگە يېتىپتۇ!...»

بۇ بىر چەت ئەللىكنىڭ مۇشۇ دەۋردە ياشاۋاتقان ھەربىر ئۇيغۇرغا ئوقۇغان لەنەت-نەپرىتى! شۇنداقلا ئاچچىق تەنە ۋە مەسخىرىسى!؟

ھالبۇكى، بۇ بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ھېچ گەپ ئەمەس. بىراق مېنىڭ قارىشىمچە، بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتى شۇ مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مەنىۋى تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى، بىزنىڭ يېرىم يارتا بىلىملىك بولۇپ قالغان كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ھازىر ھەممە نەرسە ئۆزگەردى، شۇڭا قاراپ تۇرماي، زامانغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش — كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاساسىمىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىش كېرەكمىش! ئەمما، ھەممىنى قارا-قويۇق قوبۇل قىلىۋەرسە بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ، ۋەھالەنكى، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز توغرا بولسۇن-بولمىسۇن قوبۇل قىلىۋېرىپ، ئۆزىنىڭ مىللەت مەۋقەسىدىكى تېگىشلىك ئورنىنى غاپىللارچە ئۆزگەرتىپ قويۇۋاتىدۇ، مەن ئىلغار مەدەنىيەت بولسا قوبۇل قىلىشنى، ئۆزىمىزنىڭ بۈيۈك مەدەنىيەت، ئەنئەنىلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. باشقىلارنىڭ ئىلغار بولغانىدىمۇ، ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئىلمىي ئاساسى بولسا، مەدەنىيەت، بىلىم، كەسپىي ساپا ۋە قىممەت قارىشىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب كېلىدىغان بولسا، ئاندىن قوبۇل قىلىش كېرەك، ھە دېگەندە قارىسىغا قوبۇل قىلساق، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك ۋە نادانلىق بولىدۇ.

بىزدە تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈش ئادىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن، بىراق كىمنىڭدۇر مەلۇم بىر

مەزگىللىك ھاياتنى تەبرىكلەپ ياكى مەلۇم ياشقا تولغانلىق كۈن مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، شۇ كىشىگە تون كىيدۈرۈپ تارتۇقلاش ئادىتىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. ئەمما، ھازىر «ھەبى بەسىدەي تۇيۇ»نى ئوقۇپ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈۋاتقان نۇرغۇن باللارنى ھەر كۈنى رېستوران، باغ، سەيلىگاھلاردا كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسىمۇ؟ ئۆزىنى-ئۆزى ئىنكار قىلىپ نادانلىقىنى كىشىلەرگە بىلىپ-بىلمەي كۆز-كۆز قىلىشمۇ؟ جاپا تارتقان ئاتا-ئانىلارغا تۇغۇلغان كۈن زىياپىتى يوق، باللارغا ھەسسىلەپ بولغىنى بەك ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ بۇنى باللارغا كىم ئۆگەتكەن؟ ئۇنى يەنە شۇ نادان دادا بىلەن ئانىلار ئۆگەتكەن! مەن ئاشۇ تۇغۇلغان كۈن تورتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش جەريانىغا بىرقەدەر ئەتراپلىق نەزەر ئاغدۇردۇم: ئۇنىڭغا نۇرغۇن شاملارنى قادايدىكەنمىز، شام ھەرقانچە پاكىز بولسىمۇ، يېگىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق. شاملار يېقىلىپ ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، تېخى تورتنى تازا مەززە قىلىپ، تالىشىپ يېيىش شەرتكەن! شامدىن قالغان قالدۇق مەينەتلەرنىڭ ھەممىسى سۆيۈملۈك ئاشقازىنىمىزغا كىرىپ كېتىدىكەن. يەنە بىرى، ھېلىقى شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈش. دېمەك، بۇ يەردە بىز يورۇقلۇقنى يوقىتىپ، قاراڭغۇلۇقنى يارىتىمىز. بۇ، ئوبرازلىق مەنە جەھەتتىن ئالغاندا، كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرىدىغان بىر كۆرۈنۈش… بەلكىم، بىزنىڭ بىلەرمەن كىشىلىرىمىز بۇنىڭغا ئۇلۇغ تەبىرلەرنى بېرىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش تولىمۇ بىمەنە ئىش بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. مەن تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسىنى ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرمايمەن، ئۇنى ئۆتكۈزسە بولىدۇ، بىراق بىزمۇ ئۆزىمىزگە خاس تۇغۇلغان كۈن

خاتىرىسىنى ئۆتكۈزۈش مۇراسىمىنى ئىجاد قىلىشىمىز كېرەك. باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلساق بولىدۇ، لېكىن، بەك زىيادە ۋە قارىغۇلارچە بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، بولۇپمۇ بىز بالىلىرىمىزغا ئەڭ ياخشىسى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى تەقدىم قىلىشنى بىلىشىمىز كېرەك. باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلسە، شۇنداق زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا ئۇرۇنساقمۇ كېچىككەنلىك ھېسابلانمايدىغۇ دەيمەن!

لېكىن، ھېلىقى تېلېۋىزىيە مەخسۇس پروگراممىسىدىكى بىمەنە ئىشنى بىزنىڭ چوڭلىرىمىز كەشىپ ئېتىپ، بالىلارغا سوۋغا قىلىۋاتىدۇ، بۇ بۇگۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك تۇرسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا ئاشۇنداق قوبۇل قىلىشلارنى تەكرارلاۋەرسەك، كېلەچەكتە ئەۋلادلىرىمىز ئاشۇنداق قائىدە-يوسۇنلارنىڭ پاتقىقىدىن چىقالماي ياشايدىغان ئادەملەر توپىغا ئايلىنىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بىزدە نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار باركى، بالىلىرى باشقا مىللەت كىشىلىرى قىلغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ قالسا، شۇنى ئالاھىدە بىر خىل ماھارەت ۋە تالانت دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدە يەنە بەزىلەر بىر-بىرىنى دوراپ شۇنى ئۆگىنىدۇ، بۇنداق ئېقىم بىزنىڭ بىر قىسىم كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرىمىزدىمۇ روشەن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ ھال نۇرغۇن بالىلىرىمىزغا ئەكس تەسىر بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭكى ناچار، باشقىلارنىڭ ياخشى دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، چوڭلار ياخشى دېگەن نەرسىنى بالىلارنىڭ يامان، ئەسكى دېيىشى مۇمكىنمۇ؟ گەپ بالىلاردا ئەمەس، چوڭلاردا!

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر، يۇقىرىدا دېگەندەك بىزنىڭ نۇرغۇن ئېسىل مەدەنىيەت، ئەنئەنە، يوسۇنلىرىمىز بار، ئۇنى

ئاتا-بوۋىلىرىمىز نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە يارىتىپ، پىششىقلاپ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئۇ بىزنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىقىمىز. يەنە باشقىلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى تۈركۈملەپ قوبۇل قىلىپ، كەلگۈسى كىشىلىرىمىزنى باشقا ئىش قىلماي، قائىدە-يوسۇن ئىچىدە ياشايدىغان قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنايلى. ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى قەدىرلەيلى! مېنىڭ ئۈمىدىم: ئۆزىمىزدە بار نەرسىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرەيلى، دورامچىلىق قىلمايلى، «كۆلەلمىگەن نېمەڭگە ھەجايما!» دېگەندەك، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ قوبۇل قىلىشتىن ساقلىنايلى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى چاكىنىلاشتۇرمايلى، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە ساپلاشتۇرۇپ، باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ھامىيسى ياكى ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ قۇربانى قىلىپ قويمايلى!

2002-يىلى 7-ئاي، قەشقەر



本书主要讲述教育子女方面的知识及经验。


مەسئۇل مۇھەررىرى: **تۇردى يامغۇر**

مەسئۇل كوررېكتورى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: **مەخمۇتجان تۇردى**


# جاسارەتلىك بول، ئوغلۇم

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئاپتورى: **ئابلەت جۇمە**


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 6.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2004 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000

ISBN—5373—1324—5
باھاسى: 9.50 يۈەن

سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
تېلېفون: 0998-2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى



ISBN 7-5373-1324-5

ISBN 7—5373—1324— 5

（民文）定价 :9.50 元